# غەيۋەت

## ۋە ئۇنىڭ ئىسلامىي جەمئىيەتتىكى يامان تەسىرى

قېرىنداشلار نەشرىياتى
2014 ئىستانبۇل

# غەيۋەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلامي جەمئىيەتتىكى يامان تەسىرى

**** **** ***

ئاپتورى: ھۈسەين ئەۋايشە
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلئەھەت ئابدۇلكەرىم ئۇجاتلى
مۇھەررىرى: ئا. مۇھەممەدئىمىن پىداكار
كوررېكتورى: ئا. مۇھەممەدئىمىن پىداكار

---

قېرىنداشلار نەشرىياتى
ئىستانبۇل 2014

## مۇندەرىجە

مۇھەررىردىن ئىككى كەلىمە...........................5
غەيۋەت دېگەن نېمە؟..............................10
غەيۋەتخورلۇق قانداق شەكىللىنىپ قالىدۇ؟............12
غەيۋەت ھەققىدە كىشىنى چۆچۈتىدىغان ھەدىسلەر.......25
غەيۋەتكە قۇلاق سېلىشنىڭ ھاراملىقى..................30
غەيۋەتتىن چەكلەش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش توغرىسىدا...34
باشقىلارنىڭ ئەيىپىنى يېپىش ۋە غەيۋەتتىن ساقلىنىشنىڭ
پەزىلىتى.............................................36
غەيۋەتخورنىڭ قەبرىدە ئازابلىنىدىغانلىقى...............38
غەيۋەتخورلار قورقۇنچاق كېلىدۇ........................38
غەيۋەتخور ئىمانى ناقىس كىشىدۇر.....................39
غەيۋەت ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشتىن چەكلەپ
قويىدۇ.............................................41
رۇخسەت قىلىنغان غەيۋەتلەر.........................43
دۇرۇس بولىدىغان غەيۋەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم
ئىشلار.............................................49
غەيۋەتتىن تەۋبە قىلىش.............................50
غەيۋەت دەپ قارالمايدىغان، لېكىن غەيۋەت تۈرىگە
كىرىدىغان سۆزلەر.................................52

قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغانلارنىڭ كەينىدە ئۆسەك سۆز
تارقاتماستىن، توغرا يولغا يېتەكلەپ قويۇش لازىم.....58
غەيۋەتتىن يامانراق ئىش.........................60
غەيۋەتكە قارشى كۆرەش جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزەلىدۇر....62
غەيۋەتخورلارغا ئاتالغان نەق گەپلەر.................64
غەيۋەتخورلۇقتىن ساقلىنىش روھنى پاكلاشنىڭ تۇنجى
قەدىمى.........................................66
غەيۋەت شەكىللەندۈرىدىغان ياكى ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا
قىلىدىغان ئورۇنسىز گەپ ـ سۆزلەر.................79

# مۇھەررىردىن ئىككى كەلىمە

غەيۋەت گويا ۋابادۇركى، ئۇ ئىسكەنجىگە ئېلىنغان شەخس ۋە جەمئىيەتنى پۈتۈنلەي كاردىن چىقىرىۋېتىدۇ. غەيۋەت گويا زەھەردۇركى، ئۇنىڭ خۇمارى ھەرقانداق زەھەرلىك چېكىملىك ۋە مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى بېسىپ چۈشىدۇ. غەيۋەت بارلىق رەزىللىك ۋە پەسكەشلىكلەرنىڭ يېلتىزىدۇر.

بەرھەق! شەخس ياكى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ھەر قانداق نۇقسان ياكى كېسەللىك پەقەت ھېس قىلىش بىلەنلا ياكى قاقشاپ شىكايەت قىلىپ قويۇش بىلەن تۈزىلىپ كەتمەيدۇ. ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ھەر بىر مەسىلىگە قارىتا كاللىسىدا مۇئەييەن تونۇش، ئاڭ شەكىللەندۈرۈش ھەمدە بۇ ھەقتە ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئۆتۈش ئىمانى ۋە ۋىجدانى ئويغاق ھەر بىر ئادەمنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر.

ئېتىقادىغا سادىق بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن ئىسلام ئۈچۈن قىلىنىدىغان خىزمەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكى بولمايدۇ. بىز مەشئەل يېقىشقا بۇيرۇلمىغان، بەلكى پەيغەمبىرىمىز

يىقىپ قويغان مەسىلىنى ئۆزىگە مۇناسىپ يوللار ئارقىلىق قوغداپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغانمىز. بۇ مەسىلىنى قوغداشنىڭ شەكلى ۋە ھەجمى دەۋر، شارائىت ۋە ۋەزىيەتكە قارىتا ئوخشاش بولمايدۇ. ھەر بىر مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى پەقەت دەۋر، شارائىت ۋە رېئاللىقنى توغرا تەھلىل قىلىپ، ياشىغان ھەر مىنۇتلىرىدا «ئىسلامىم شۇ تاپتا مەندىن نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دېگەن تۇيغۇدا ياشاشلا، خالاس!

مەزكۇر رىسالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان غەيۋەتنىڭ ئىبارەت ئىجتىمائىي ئىللەت ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە-مۇناسىۋەتلەر جەريانىدا شەكىللىنىدىغان بولۇپ، ئالاقە ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ھەرخىللىشىشى نەتىجىسىدە غەيۋەتنىڭ ئۇسۇلى، يولى ۋە تۈرلىرىمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. ئالاقە ۋاسىتىلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئەگىشىپ غەيۋەتلەرنىڭمۇ تارقىلىش، ئومۇملىشىش نىسبىتى تەبىئىي ھالدا كېڭىيىۋاتىدۇ. ئۈندىدار، مىكروبلوگ، تور مۇنبەرلىرىمۇ غەيۋەتخورلارنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك بىر سەھنە بىلەن تەمىن ئېتىۋاتىدۇ. ئەسلى بىلىم ئىگەللەش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋە قوبۇل قىلىش ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىختىرا قىلىنىپ جاھان ئەھلىگە

سۇنۇلغان بۇ ئالاقە قوراللىرى بىزگە يېتىپ كەلگەندە تەبئىيلا يەنە غەيۋەت ـ شىكايەت، تۆھمەت، ئورۇنسىز جېدەللەرنىڭ ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

خەلقىمىزدىكى بۇخىل ئىجتىمائىي ئىللەتلەردىن قاتتىق ئەپسۇسلانغان ۋە ئۇلارنى شەرئىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەل قىلىش توغرىسىدا ئىزدەنگەن ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ئابدۇكېرىم ئۇجاتلى ئۇستاز ھۇسەين ئەۋايىشەنىڭ «غەيۋەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلامىي جەمئىيەتتىكى يامان تەسىرى» ناملىق بۇ رىسالىسىنى تەرجىمە قىلىپ چىقىپتۇ. مەن مەزكۇر تەرجىمە رىسالىنىڭ تەھرىرلىك ۋە كوررېكتورلۇقىنى قىلىش جەريانىدا، غەيۋەت ۋە سۇخەنچىلىكنىڭ ئۇيغۇر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدە خۇددى نان يەپ، سۇ ئىچكەندەكلا تەبئىي بىر ئىشقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم ۋە قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم.

رىسالىدە خەلقىمىزنىڭ بۇ تەرەپتىكى كېسەللىرىگە دىئاگنوز قويۇلغان ۋە دەلىللەرگە ئاساسلانغان ھالدا مۇناسىپ ھەل قىلىش چارىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۆزىدىكى ئىللەت ۋە نۇقسانلار ھەققىدە ئويلىنىش ۋە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە ئۇنىڭ جەننىتىگە ئېرىشىشنى خالايدىغان ھەر بىر

قېرىندىشىمىزنىڭ بۇ رىسالىنى تەپسىلى ئوقۇپ چىقىشىنى، ئۆزگە تەتبىقلىشىنى ۋە باشقا قېرىنداشلىرىغا بۇ رىسالە ۋە رىسالىدىكى مەزمۇنلارنى تەۋسىيە قىلىش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ ھىدايىتى ۋە ئىسلاھاتىغا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ.[1]

**قىزىقچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن![2]**

[1] قۇرئان كەرىمدىن

[2] قۇرئان كەرىمدىن

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# غەيۋەتنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىغا دەلىللەر

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.»

مۇتەللىب ئىبنى ئابدۇللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «غەيۋەت دېگەن بىر ئادەمنىڭ ئىشىنى كەينىدىن سۆزلەپ يۈرۈشتۇر.»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: «غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېۋىدى، ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىلگۈچىدۇر، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭ ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى تىلغا ئېلىشىڭ» دېدى.

ئەبۇ بۇرزەتۇلئەسلەمى ۋە بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى تىلىدا ئىمان ئېيتىپ قەلبىگە ئىمان كىرمىگەنلەر، مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار! ئۇلارنىڭ

ئەيىبلىرىنى كوچىلىماڭلار! كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئېچىۋېتىدۇ. ئاللاھ ئەيىبىنى ئېچىۋەتكەن كىشى ئۆيىدە ئولتۇرسىمۇ رەسۋا بولىدۇ».

## غەيۋەت دېگەن نېمە؟

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن ئايان بولۇشىچە، غەيۋەت بىراۋنىڭ تىلغا ئېلىنىشنى ياقتۇرمايدىغان ئىشنى يوق يېرىدە تىلغا ئېلىشتۇر.

غەيۋەتنىڭ هاراملىقى ۋە ئېغىر گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىگە ھەممە ئالىملار بىردەك قاراشقا ئىگە. ئىبنى كەسىر سۈرە ھوجراتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: غەيۋەتنىڭ ھەرخىل شەكلى بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدا هارامدۇر. پەقەت (رىۋايەتشۇناسلىقتا) ھەدىسنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق مەسلىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسلىلەردە باشقىلارنىڭ كەينىدە گېپىنى قىلىشقا، ئەيىبىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: غەيۋەتنىڭ ئېغىر گۇناھلاردىن ئىكەنلىكى بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن غەيۋەت قىلغان كىشىنىڭ ئاللاھقا تەۋبە

قىلىشى ۋاجىپتۇر. مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتى ئوچۇق پاكىت بولالايدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر».

ئەمما غەيۋەتنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى دەلىلدۇر: «رىبانىڭ ئەڭ يامىنى كىشىنىڭ ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىغا دەخلى قىلىشىدۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەن: «شۇنداق بىر سۆز ئېيتتىڭكى، ئەگەر ئۇنى دېڭىز سۈيىگە ئارلاشتۇرسا، دېڭىز سۈيىنى بۇلغىۋەتكەن بولاتتى».

## غەيۋەتخورلۇق قانداق شەكىللىنىپ قالىدۇ؟

شەيتان ئىنسانلارنى ئوخشىمىغان يوللار ئارقىلىق غەيۋەت قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

شەيتان بەزى كىشىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: سەن پالانى كىشى ھەققىدە دېگەن سۆزلەر ھەقىقەتەن ئۇنىڭدا بار، ئۇنداق بولغاندىكىن سېنىڭ ئۇنى تىلغا ئالساڭ بولىۋېرىدۇ.

بۇنداق دېگۈچىلەرگە يۇقىرىقى ئىككى ھەدىس جاۋاب بولىدۇ.

1 ـ «غەيۋەت دېگەن بىر ئادەمدە بولغان ئىشنى ئۇنىڭ ئارقىسىدا زىكرى قىلىشتۇر».

2 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: «غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېۋېدى، ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىلگۈچىدۇر، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭ يوق يەردە ئۇ ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى تىلغا ئېلىشىڭ غەيۋەتتۇر» دەيدۇ، ئاردىن بىرى ئەگەر مەن دېگەن ئىش ئۇنىڭدا تېپىلسا قالىسچۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭدا تېپىلسا

غەيۋەت قىلغان بولىسەن. ئەگەر تېپىلمىسا تـۆھمەت قىلغـان بولىسەن» دېدى.

3 ـ زىيائىل مەقدەسى ئەنەس ئىبنـى مالـك رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنـداق دېـگەن: بىـر كۈنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ۋە ئۆمەررەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر خىزمەتكارى بولـۇپ، ئۇ تاماق ھازىرلىمايلا قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ئۆمەر ۋە ئەبۇ بەكرى ئويغىنىپ، خىزمەتكارىنىڭ قـاتتىق ئۇخلاۋاتقـانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىگە: بـۇ ئـادەم ئۆيـدە ئۇخلىغانـدەكلا ئۇخلايدىكەن، دېيىشـىپتۇ ۋە ئـۇنى ئويغىتىـپ پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام يەتكۈزۈشـكە ۋە تاماقـا چاقىرىشـقا ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئادەم پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامغا ئۇلارنىـڭ سالامىنى يەتكۈزۈپ بولغانـدىن كېـيىن، ئۇلارنىـڭ تاماققـا چاقىرغـانلىقىنى ئېيتىپتـۇ. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام: ئـۇ ئىككىسى تاماق يەپ بولدى، دەپتۇ. بـۇ گەپنـى ئاڭلىغـان ئەبـۇبەكرى ۋە ئـۆمەر چۆچـۈپ كېتىپتـۇ ۋە پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سىلىنى تاماققا چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتسەك، سىلى: ئۇ ئىككىسى تاماق يەپ بولدى، دەپتىلا، بىز تېخى تاماق يېمـگەن تۇرسـاق؟ دەپ سـوراپتۇ. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام: سـىلەر قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېدىڭلار، جېنىم ئېلكىدە بولغـان زات بىلەن قەسەمكى، مەن چىشـلىرىڭلار ئارىسـىدا ئۇنىـڭ

گۆشىنى كۆرىۋاتىمەن، دەپتۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بىر ئادەمنىڭ يوق يېرىدە شۇنچىلىك گەپنى قىلغانغا سىلەر قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ گۆشىنى يېدىڭلار، دېگەن تۇرسا، كۈندە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۆشىنى يەپ پەرۋا قىلمايدىغانلارچۇ؟ ئۇلار چوقۇم قاتتىق ئاگاھ بولۇشى ۋە غەيۋەتنى تاشلىشى كېرەك.

بەزى كىشىلەر: پالانى نېمانچە كۆپ يۇيىنىدۇ! نېمانچە كۆپ يەيدۇ! ئۇنىڭ بېخىللىقىنى دېمەمسەن! ئۇنىڭ ئۇيقىسىچۇ؟! دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ.

بىر قىسىم كىشىلەر: بىز ئۇنىڭ ئارقىسىدا بۇ گەپلەرنى قىلغان بولساق ئۇنىڭ مەنپەئىتى ۋە ياخشىلىقى ئۈچۈن قىلىمىز ئەمەسمۇ؟ دېسە، يەنە بىر بۆلۈك ئادەملەر: بىز بۇ گەپنى قىلغان بولساق ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە كۆيۈنۈپ شۇنداق قىلىۋاتىمىز، دەپ دەۋا قىلىشىدۇ.

بىز ئۇلارغا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن رەددىيە بېرىمىز:

1. قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىش ئىسلام يولغا قويغان دائىرىدە بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىنساننىڭ ياخشى نىيىتىلا كۇپايا قىلمايدۇ. مۇشرىكلارمۇ ئۆزىچە نىيىتىمىز ناھايىتى ياخشى دەپ ئويلايتتى. ئاللاھ بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر، دەيدۇ». ئۇلارنىڭ نىيىتى قانچىكى ئالىيجاناب ۋە پاك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى نىيىتى ئاللاھنىڭ ھالاك قىلىشى ۋە لەنەت قىلىشىغا دالدا بولالمىدى.

ئۇلۇغۋار نىيەتلەرنى كۆڭۈلگە پۈكۈش ۋە شۇ نىيەتكە ئاساسەن ياخشى ئىش قىلىش، شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، سىرلىرىنى تارقىتىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

2. ئەگەر مەزكۇر «ياخشى نىيەتلىكلەر» راستىنلا شۇنداق ئاقكۆڭۈل كىشىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەمەلىيىتىمۇ شۇنداق ياخشى، دۇرۇس بولغان؛ باشقىلارنىڭ كەينىدە سۆز-چۆچەك تارقاتماستىن بەلكى ئالدىغا بېرىپ ھېكمەت بىلەن چىرايلىق نەسىھەت قىلغان؛ باشقىلارغا ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، چەكلىمىلەردىن يىراقلىشىش توغرىسىدا چىرايلىق شەكىلدە يول كۆرسەتكەن بولاتتى. بەزىدە بۇ ئۇسۇللار ئۇدا ئېلىپ بېرىلسىمۇ دېگەندەك ئۈنۈمى بولماسلىقى مۇمكىن. ناۋادا ئەھۋال شۇنداق بولۇپ قالسا، باشقا نەسىھەت قىلغۇچىنى ئىزدەپ بېقىش كېرەك. چۈنكى بۇرۇن قوللانغان ئۇسۇل ۋە ئۇسلۇب تازا مۇۋاپىق بولماي قالغان بولۇشى مۇمكىن. باشقا ياخشىراق نەسىھەتچىدىن

ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا ئۇ كىشى توغرىسىدا بۇرۇن نەسىھەت قىلغانلىقىنى يۈزىگە سالماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ، نەسىھەت قىلماقچى بولغان كىشىمۇ ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ نەسىھەت قىلىشى، شارائىتقا دىققەت قىلىپ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا نەسىھەت قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ كىشى بىر قانچە قېتىملىق نەسىھەتتىن كېيىن يەنىلا ئۆز ئەيىبىنى تۈزەتمەي كېتىۋەرسە، ئۇ ئادەمدىن يىراقلىشىش، ئۇنىڭ سىرلىرىنى ساقلاش، پاش قىلماسلىق لازىم. ناۋادا ئۇنداق بولمىغاندا، ئىسلام جەمئىيىتىدە تۆۋەندىكىدەك نۇرغۇن خاتالىقلارنىڭ يۈزبېرىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ:

(1) كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇشقا بۇيرۇلغان ئايەت، ھەدىسلەرگە خىلاپلىق قىلىش.

(2) مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا گۇماننىڭ ئومۇملىشىشى ۋە ياخشىلارغا ئىشەنمەسلىك.

(3) مۇسۇلمانلار ئۆزئارا غەيۋەت بىلەن ئەمەك بولۇپ كېتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، پۈتۈن ئۈممەتكە ئالاقىدار مۇھىم مەسىلىلەرگە ۋاقىت چىقىرالماسلىق.

(4) ئۆز گۇناھىنى يوشۇرىۋاتقانلارنى گۇناھىنى ئاشكارىلاشقا ئۈندەش.

(5) ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ئەيىبنى يوشۇرۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جامائىتىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئەيىبنى يوشۇرۇپ گۇناھىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئادەم ھەققىدە سۆزلەپ يۈرۈشتىن جامائەتچىلىككە نېمە پايدا كېلىدۇ؟ بۇنداق قىلىشنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە نېمە پايدىسى بار؟ قۇدۇس پەتىھ بولامدۇ ياكى مۇشرىكلار، كاپىرلار گۇمران بولامدۇ؟

(6) غەيۋەت ئېسىل مەقسەت ۋە يۈكسەك غايىلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى غەيۋەتنى قىلىنغان ئادەم غەيۋەت قىلغۇچىلارنى يامان كۆرۈپ قالىدۇ.

غەيۋەتكە ئۈندەيدىغان ئامىللار ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى:

## 1. ئاچچىقلىنىش

بىراۋ باشقىلارغا ئاچچىقلانغاندا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشقا باشلايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئەسلەش ئارقىلىق ئاچچىقلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە

ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغان، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغان، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ».

ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇپ، ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ كىشىلەر ئوتتۇرىسىغا چاقىرىپ، ھۆرلەردىن خالىغىنىنى تاللاش ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ» دېگەن ھەدىسىنى ئەسلەش ئارقىلىقمۇ ئاچچىقنى يەڭگىلى بولىدۇ.

«كىمكى ئاچچىقنى چىقىرىش ئۈچۈن غەيۋەت قىلسا، سەۋر قىلغان بولمايدۇ».

## 2. غەيۋەتخورغا يانتاياق بولۇش

يېقىن ـ يورۇقلىرى باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتقاندا، ئۇلارنى نارازى قىلىپ قويۇشتىن ۋە مۇناسىۋەتتە دەز كېتىشتىن ئەنسىرەپ ياكى خۇشامەت قىلىپ، ئۇلارنى غەيۋەتتىن توسمىسا ياكى نارازىلىق بىلدۈرمىسە غەيۋەتخورغا يانتاياق بولغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

مۇنداق ئىللەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى ئاللاھنى نارازى قىلىش بەدىلىگە

ئىنسانلارنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىسە، ئاللاھ ئۇنى ئىنسانلارغا تاشلاپ قويىدۇ» دېگەن ھەدىسنى ئەسلەش كېرەك.

## 3. باشقىلارنى كەمسىتىش

ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە باشقىلارنى كەمسىتىش غەيۋەتكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. مەسىلەن: «پالانى بىلمىسىز»، «سەن بىر نەرسە چۈشەنمەيسەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە ئالىملىقىنى كۆز-كۆز قىلىش قاتارلىقلار.

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەرگە قارىغاندا چىۋىننىڭ قانىتىغىمۇ تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى؛ كەمسىتىلگەن ئادەمنىڭ ئاللاھ نەزىرىدە ئۆزىدىن ئارتۇق بولۇش مۇمكىنلىكىنى ئويلاش ئارقىلىق باشقىلارنى چۈشۈرۈش ۋە غەيۋىتىنى قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

## 4. ھەزىلكەشلىك

مەخسۇس ئادەم كۈلدۈرۈش ياكى قىزىقچىلىق قىلىش مەقسىتىدە بىراۋنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ياكى ئاجىزلىقلىرىنى تۇتقا قىلىپ، ھەزىلكەشلىك قىلىش غەيۋەت شەكلىلەندۈرۈپ قويىدۇ.

پەيغەمــــبەر ئەلەيهىسســـــالام هەزىلكەشــــلەر، مەخســــۇس چاقچــــاقچىلار هەققىــــدە مۇنــــداق دېــــگەن: «باشــــقىلارنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان ســۆزلەيدىغانلارنىڭ هالىغــا ۋاي! هالىغا ۋاي! هالىغا ۋاي».

## 5. هەسەت قىلىش

كۆپچىلىك ياخشى كۆرىدىغان بىر ئادەمگە هەسەت قىلىپ، باشقىلار ئالدىدا ئۇنىڭ ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى ئــېچىش يــاكى كەينىدىن ئۆسەك سۆز تارقىتىشمۇ غەيۋەت هېسابلىنىدۇ.

هەسەتخورلار ئۆزلىرى هەسەت قىلىۋاتقان كىشىنى بىلىــپ ـ بىلمەي دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىــدىن دەرىــجە جەهەتــتە ئۈستۈن قىلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم.

## 6. ئۆزىگە تەسەللىي ئــزدەپ باشــقىلارنىڭ خاتــالىقىنى پەش قىلىش

خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئادەم ئۆزىنى ئــاقلاش مەقســىتىدە، باشقىلارنىڭ شۇنىڭغا ئوخشىغان كەمچىلىكلىرىنــى ئوتتۇرىغــا سۆرەپ چىقىدۇ. بۇمۇ غەيۋەتنىڭ بىر شەكلى هىساپلىنىدۇ.

## 7. ئـــاللاھ يولـــدا ئـــاچچىقلىنىش باهانىســـى بىـــلەن باشقىلارنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلاش

بەزىدە بىراۋنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى بىلگەن ئــادەم ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن شۇ ئىشــقا ئاچچىقلىنىــدۇ ـ دە، ئــۆز

نارازىلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، شۇ كىشىنىڭ خاتــالىقنى ۋە ئىسمىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىمۇ غەيــۋەتكە يــول ئاچقـــانلىق ھېســـــابلىنىدۇ. ئەســـــلىدە ئـــۇ، خاتــــالىق ئۆتكۈزگۈچىنىڭ ئىسمىنى سۆزلىمەسلىكى، ئەيىبنى چىرايلىــق يوسۇندا شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئەسكەرتىشى ۋە باشــقىلاردىن يوشۇرۇشى كېرەك ئىدى.

## 8. ھېـسداشـلـىق شـەكـلـىدە غـەيۋەت قـىلـىش

بىر ئادەم مۇسىبەت يەتكەن بىر قېرىندىشــىغا قــايغۇرۇپ، ھېسداشلىق قىلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا يەتــكەن مۇســبەتنى باشقىلار ئالدىــدا ســۆزلەيدۇ. بــۇ خىــل ئەھۋالــدا گەرچە ھېسداشلىق قىلىش مەقســەت قىلىنســمۇ، مۇســبەتدارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، يەتكەن مۇسىبەتلەرنى سۆزلەپ يۈرۈشى ئوخشاشلا غەيۋەت ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى زەررىچىلــك ياخشــى ئــش قىلىــدىكەن، ئۇنــىڭ مۇكاپــاتىنى كۆرىــدۇ. كىمكــى زەررىچىلــك يامــان ئــش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ».

مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئىنتايىن ئېغىر جىنــايەت ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بىر ئادەم ياخشــى نىيەتتە ساۋاپلىق ئىش قىلىشنى مەقسەت قىلسىمۇ، قىلغان شۇ ياخشى ئىشى مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ھېسابلانغانلىقى

ئۇچۇن، يەنىلا گۇناھكار بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ياخشى نىيىتى باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ئىبارەت گۇناھىنى ئاقلىيالمايدۇ.

## 9. بىكارچىلىق

بەزىلەر بىكارچىلىقتىن زېرىكىش ھېس قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ ۋە ئۇنى سۆزلەپ يۈرىدۇ.

بۇ خىل زېرىكىش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ۋاقىتنى تائەت ـ ئىبادەت، ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈش لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىدا بەندىنىڭ قەدىمى يۆتكەلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى قانداق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى، ئۆگەنگەن ئىلمى بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى، ئۇنىڭ مېلىنى قەيەردىن تېپىپ قەيەرگە ئىشلەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىدا نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىدىن ئىبارەت تۆت ئىشتىن سوئال قىلىنىدۇ».[1]

## 10. ياخشىچاق بولۇش نىيىتىدە غەيۋەت قىلىش

باشلىقلارغا، ئىش ئىگىلىرىگە يېقىنلىشىشنى، يۇقىرىراق مەنسەپكە ئېرىشىشنى ياكى ياخشىچاق بولۇشنى مەقسەت قىلىپ، بىرگە ئىشلەۋاتقان خىزمەتداشلىرىنى ئەيىبلەش.

---

[1] تىرمىزى رىۋايىتى

ھەر بىر مۇسۇلمان ىرزىقتا مۇناسىۋەتلىك ئايەت ـ ھەدىسلەرنى ۋە ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتمەيدىغانلىقىنى ئەسلەش، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئارقىلىق يۇقىرىقى ئىللەتنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

مەزكۇر كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى كۇپايە: «كىمكى ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىسە ئاللاھ ئۇنى ئىنسانلارغا تاشلاپ قويىدۇ».

## 11. تەكەببۇرلۇق قىلىپ غەيۋەت قىلىش

بەزى كىشىلەر ئىش تەۋرەتكەن ياكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىرەر شەخسنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلماستىن، ئۆزئارا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدىگىلى تۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق تەبىئىيلا غەيۋەت شەكىللىنىدۇ.

باشقىلارنى ئەيىبلەشكە توغرا كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆپرەك ئېسىگە ئېلىش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىش ئارقىلىق تەكەببۇرلۇقتىن ساقلانغىلى، شۇنداقلا بۇنىڭ نەتىجىسى بولغان غەيۋەتنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكەببۇرلۇق ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىساڭلارمۇ، سىلەردىن غەم

قىلدىغىنىم تەكەببۇرلۇق! تەكەببۇرلۇق!»



# غەيۋەت ھەققىدە كىشىنى چۆچۈتىدىغان ھەدىسلەر

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەجىدىكى خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى، ئابرۇيىنى تۆكۈشىڭلار، ماللىرىڭلارنى ناھەق يەۋېلىشىڭلار خۇددى مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئاي ۋە مۇشۇ شەھەرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىق ھارام قىلىنغاندەك ھارام قىلىندى. ئى ئاللاھ! يەتكۈزدۇممۇ؟...»

بىز ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بەجانىدىل ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك.

غەيۋەت ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قۇربانلىق كۈنىدىكى چەكلىمىلەرگە ئوخشاشلا ھارامدۇر.

ئى غەيۋەتخورلار، مۇسۇلمانلارنىڭ گۆشىنى يەيدىغانلار، مۇسۇلماننىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشنىڭ ھاراملىقىنى ئەمدىغۇ بىلگەنسىلەر...؟!

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«جازانىنىڭ تۈرلىرى 72 خىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋىنى ئانىسى بىلەن زىنا قىلغانغا ئوخشاش. جازانىنىڭ ئەڭ يامىنى قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشتۇر».[1]

ئاللاھۇ ئەكبەر... ئەقىل ئىگىلىرى قېنى؟

ئاللاھۇ ئەكبەر... قەلبلەرنى ياشارتىدىغان ئىمان قېنى؟

كۆڭۈللەرنى ھاۋايى ـ ھەۋەستىن توسىدىغان ئىمان قېنى؟

مۇسۇلمانلارنىڭ ئابرۇيىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشتىن توسىدىغان ئىمان قېنى؟

جازانە نېمە دېگەن چوڭ گۇناھ ھە! جازانىخورلۇق ئېغىر گۇناھ بولغاچقا ئاللاھ ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىشقا رۇخسەت بەرگەن ئەمەسمۇ؟!

جازانىنىڭ ئەڭ تۆۋىنى ئۆز ئانىسى بىلەن زىنا قىلغانغا ئوخشاش جىنايەت ھېسابلانغان يەردە، ئۇنداقتا جازانىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئوخشاش بولغان غەيۋەت ۋە قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈشلەرنى نېمە دېگۈلۈك؟!

ئى ئەقىل ئىگىلىرى، يۇقىرىقىلارنى بىلگەندىن كېيىن قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئابروييغا خالىغانچە دەخل ـ تەرۇز يەتكۈزۈپ، غەيۋەت، سۇخەنچىلىك، ئەيىبلەش، سۆكۈش

---

[1] بۇھەدىسنى تەبرانى ئەۋسەتتە رىۋايەت قىلغان.

قاتارلىق يوللار بىلەن ئابرۇيىغا خالىغانچە تاجاۋۇز قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قانداقمۇ قېچىپ قۇتۇلالايسىلەر؟!

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: قويسىلا ئۇ (سەفىييە)نى![1] دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا قارىتا: «شۇنداق بىر سۆز قىلدىڭكى، ئەگەر ئۇنى دېڭىز سۈيىگە ئارلاشتۇرسا، دېڭىز سۈيىنى بۇلغىۋەتكەن بولاتتى» دېدى.

مۇشۇنچىلىك بىر سۆز دېڭىزغا ئارلاشسا ئۇنى بۇلغىۋەتكەن يەردە، بۈگۈنكى كۈنلەردە ئاغزى غەيۋەتتىن تىنمايدىغانلارنىڭ ھالى قانداق بولار، ھە!

ئۇلارنىڭ سۆزلىرى قانچىلىك دېڭىزلارنى بۇلغاپ، قانچىلىك سۇلارنى سېسىتىپ، قانچىلىك يېمەكلىكلەرنى چىرىتقاندۇ؟!

ئومەر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ۋە چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا بىر ئادەمنى «باشقىلارغا يگۈزمىگۈچە يېمەيدۇ، ئۇلاغقىمۇ باشقىلار مىنمىگىچە مىنمەيدۇ» دەپ تىلغا ئالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلدىڭلار» دېگەن. ئۇلار: ئى رەسۇلۇللاھ، بىز پەقەت ئۇنىڭدا بار سۈپەتنى زىكرى قىلدۇق، دېۋىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭدا بار سۈپەتنى زىكرى قىلىشىڭ كۇپايە قىلىدۇ» دېدى.

[1] رىۋايەت قىلىنىشىچە، قويسىلا ئۇ سەفىيەنى، ئۇ دېگەن پاكار تۇرسا! دېگەنىكەن.

قىنى ھەر ئادەم ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ باقسۇن! كىم غەيۋەتتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالدى؟ كىم ئۆز بۇرادىرىنىڭ ئىززەت ـ شەرىپىنى ساقلاپ قالدى؟

كىم خاتالىق ۋە ئەيىپ ـ نۇقسانلاردىن خالىي بولالىسۇن؟

كىم بارلىق ياخشى ـ يامان ئىشلىرىنىڭ تىللاردا ئۇچۇپ يۈرۈشىگە رازى بولسۇن؟

بىراۋ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىمىزنى ئوچۇق دېمەستىن، مۇنداقلا دارىتمىلاپ قويغانغا خاپا بولۇپ كېتىدىغان تۇرساق، كەينىمىزدىن ئۆسەك ـ سۆز تارقىتىپ يۈرسە قانداقمۇ رازى بولىمىز؟!

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغان كېچىدە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتتۈم، ئۇلار قوغۇشۇن تىرناقلىرى بىلەن يۈزلىرى ۋە مەيدىلىرىنى تاتىلاۋېتىپتۇ. مەن: ئۇلار كىملەر ئي جىبرىئىل! دەپ سورىدىم. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ئۇلار كىشىلەرنىڭ گۆشىنى يەيدىغانلار (غەيۋەت قىلىدىغانلار) ۋە كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزىدىغانلار، دەپ جاۋاب بەردى.»

ھوش ـ كاللىسى جايىدا، ئاقىل ئادەملەر يۇقىرىقى ھەدىسلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ يەنە غەيۋەت قىلىشقا پېتىنالارمۇ؟!

غەيۋەتخورلارنىڭ قوغۇشۇن تىرناقلىرى بىلەن مەيدىلىرىنى تاتىلاپ تۇرۇۋاتقان بۇ ھالەتلىرى ئىنتايىن قورقۇنۇشلۇق، قەبىھ بىر كۆرۈنۈشتۇر.

ئي غەيۋەتخورلار، بۇنىڭدىن كېيىن غەيۋەت قىلامسىلەر ـ قىلمامسىلەر، ئۆزەڭلار بىلىڭلار!

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق، سورۇندا ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئورنىدىن قوپۇپ كېتىشى بىلەنلا، باشقا بىرسى ئۇ كىشى ھەققىدە غەيۋەت قىلىشقا باشلىدى. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چىشىڭنى كوچىلىۋەت» دېدى. ئۇ كىشى: مەن گۆش يېمىگەن تۇرسام، نېمىشقا چىشىمنى كوچىلايدىكەنمەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «چۈنكى سەن قېرىندىشىڭنىڭ گۆشىنى يېدىڭ» دېدى.

بۇگۈنكى جەمئىيىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، بىرسى غەيۋەتنى بولۇشىغا قىلىدۇ، قىلىپ بولۇپلا مەن غەيۋەت قىلمىدىم، گۆش يېمىدىم، ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم، دەپ تۇرىۋالىدۇ. چۈنكى بىز غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەستىن، تىللىرىمىزنى غەيۋەتكە بويسۇندۇرۇپ قويغان.

**قېرىنداشلار، قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ھالال ـ ھارامنى ئايرىپ، قايسى سۆزنىڭ ھالال قايسىنىڭ ھاراملىقىنى بىلىۋالايلى!**

# غەيۋەتكە قۇلاق سېلىشنىڭ ھاراملىقى

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ».

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن».

ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدى (يەنى قۇلاق سالمىدى)».

كەئب ئىبنى مالىكنىڭ تەۋبە قىلىش ۋەقەسىگە ئائىت ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكقا بارغاندىن كېيىن دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرۇپ، ساھابىلەردىن: كەئب ئىبنى مالىكقا نېمە بولدى؟ دەپ سوراپتۇ. بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بىر كىشى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، كەئب ئىبنى مالىكنىڭ ئېسىل تون ئىچىدىكى، پەخىر ـ تاپاخورلۇقى ئۇرۇشقا كېلىشتىن توسۇپ قويغاندۇ، دەپتۇ. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

بۇرادەر، سەن يامان سۆز قىلدىڭ، ئاللاھنىڭ نــامى بىــلەن قەسەمكى، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز كەئــب توغرىلــىق ياخشــىلىقتىن باشــقىنى بىلمەيمــىز، دەپتــۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن ھېچنەرسە دېمىگەنىكەن. [بىــرلىككە كەلگەن ھەدىس]

## يــۇقىــرىقى ئــايەت-ھەدىســلەردىن ئېلىــنــدىغان ساۋاقلار:

1 . غەيۋەتكە قۇلاق سالغان ئادەمنىڭ قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئالدىــدا مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدىغانلىقى.

2 . غەيۋەت سورۇندا ئولتۇرۇشنىڭ ھاراملىقى.

3 ـ غەيۋەت ۋە ناچار سۆزلەرگە قــۇلاق سالماســلىق مۇئمىنلەرنىــڭ سۈپەتلىرىدىن ئىكەنلىكى.

يۇقىرىقى ھەدىستە مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھــۇ «بىــز كەئبنىــڭ پەقەت ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنىلا بىلىمىز» دېگەن سۆزى ئــارقىلىق ئوتتۇرىغــا چىقماقچى بولغان غەيۋەتنىڭ ئالدىنى ئالغىنىــدەك، مۇســۇلمانلار بىــرەر قېرىندىشــىنىڭ غەيــۋىتى قىلىنىۋاتقــان ســورۇندا شــۇ قېرىندىشــىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ســۆزلەش ئــارقىلىق، ئۇنىــڭ ئىــززەت ـ ئــابرويىنى قوغداپ قېلىشى ۋە يۈز بېرىش ئالدىدىكى غەيۋەتخورلۇقنىــڭ ئالــدىنى ئېلىشى لازىم.

ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆز بۇرادىرىنىڭ ئابرۇيىنى قوغداپ قالسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنى دوزاختىن قوغداپ قالىدۇ».[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم قېرىندىشىغا ئۇ يوق يەردە ياردەم بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياردەم بېرىدۇ».

بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار ۋە غەيۋەتخورلار يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئىبرەت ئالغان بولسا ئىدى، غەيۋەت ۋە ئۆسەك سۆزلەردىن يىراق تۇرغان بولاتتى.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردە غەيۋەتنىڭ ھارامىلىقى ۋە ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىشنىڭ جىنايىتى ھەققىدە ئوچۇق ھۆكۈملەر تۇرسىمۇ، ئارىمىزدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى، غەيۋەتنى قىلىنىۋاتقان كىشى توغرىلىق تېخىمۇ كۆپرەك يامان خەۋەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن غەيۋەتخورنىڭ ئېغىزىنى تاتىلاۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا غەيۋەتخورنىڭ سۆزىگە ماسلىشىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، غەيۋەتكە ئورتاقلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، غەيۋەت قىلغۇچى ۋە

[1] تىرمىزى رىۋايىتى

ئۇنىڭغا قۇلاق سالغۇچى گۇناھتا باراۋەردۇر.



## غەيۋەتتىن چەكلەش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش توغرىسىدا

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى تەپەككۇر قىلىپ باقايلى: «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار ئۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۈشمىگىچە، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن.»

قېرىنداشلار، بىرەر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى ئاڭلىغان چېغىمىزدا، يۇقىرىقى ئايەتنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەردىن بىرىڭلار بىر يامانلىقنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن (ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن) ئۆزگەرتسۇن. ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن (سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق) ئۆزگەرتسۇن. ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا قەلبى بىلەن بولسىمۇ نارازى بولسۇن، قەلبىدە نارازى بولۇش ـ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر»[1] دېگەن ھەدىسنى ئېسىمىزگە ئالايلى ـ دە، غەيۋەتنى ھېكمەت ۋە گۈزەل نەسىھەتلەر ئارقىلىق توسايلى!

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى

قېرىنداشلار، يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىستە گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن توسۇش توغرۇلۇق ئېنىق كۆرسەتمىلەر تۇرسا يەنە سۈكۈتتە تۇرىمىزمۇ؟!

## باشقىلارنىڭ ئەيىپىنى يېپىش ۋە غەيۋەتتىن ساقلىنىشنىڭ پەزىلىتى

بىر ئادەم باشقىلارنىڭ ئەيىپى كۆچلىنىپ، غەيۋىتى قىلىنىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئەيىپىنى ياپسا ھەم بۇ ئارقىلىق غەيۋەتنى توسۇپ قالسا تۆۋەندىكى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغاندەك كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بۇرادىرىنىڭ ئابرويىنى قوغداپ قالسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ».[1]

ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قېرىندىشىنىڭ ئىززەت ـ شەرىپىنى قوغدىسا، ئاللاھ ئۇنى چوقۇم ئوتتىن ئازات قىلىۋېتىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قېرىندىشىنىڭ ئىززەت ـ شەرىپىنى ساقلىسا، ئاللاھ قىيامەتتە ئۇنىڭ يۈزىنى ئوتتىن ساقلايدۇ».

[1] تىرمىزى رىۋايىتى

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇئمىننى مۇناپىقنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ قالسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى بىر پەرىشتە ئەۋەتىپ ئۇنىڭ گۆشىنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن ساقلاپ قالىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننى ئەيىبلەش ئۈچۈن تۆھمەت قىلسا ۋە بۇ دۇنيادا قىلغان تۆھمىتىدىن قايتىپ تەۋبە قىلمىسا، ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنى جەھەننەمنىڭ كۆۋرۈكىدە توختىتىپ قويىدۇ».

جابىر رەزىيەللاھۇئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، ناھايىتى سېسىق پۇراقلىق شامال كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ پۇراقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ بۇ مۇئمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغانلارنىڭ پۇرىقى، دېدى».

## غەيۋەتخورنىڭ قەبرىدە ئازابلىنىدىغانلىقى

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھــۇ رىــۋايەت قىلىــپ مۇنــداق دەيدۇ: مەن ۋە يەنە بىرەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىســالام بىــلەن كېتىۋېتىپ، ئىككــى قەبرىنىــڭ يېنىــدىن ئۆتتــۇق. پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئىككى قەبرىنىڭ ئىگىلىرى ئازابلىنىۋاتىــدۇ، بىر تال شاخ ئەكېلىڭلار، دېدى. بىز تىــزلا شــاخ ئەكەلــدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىككىگە يېرىپ ئىككــى قەبــرىگە سانچىپ: بۇ شاخ قــۇرۇپ كەتكەنــگە قەدەر ئــاللاھ ئۇلارنىــڭ ئازابىنى يېنىكلەتسە ئەجەپ ئەمەس، ئۇ ئىككەيلەن باشــقا ئىــش سەۋەبىدىن ئازابلانمايۋاتىدۇ. بەلكى بىرى چېقىمچىلىــق قــىلىش يەنە بىرى سۈيدۈك چاچراپ كېتىشتىن ساقلانماسلىق سەۋەبىدىن ئازابلىنىۋاتىدۇ» دېدى.

## غەيۋەتخورلار قورقۇنچاق كېلىــدۇ

غەيۋەتخــور باشــقىلارغا تاقابىــل تۇرۇشــقا ۋە ھەقنــى سۆزلەشكە جــۈرئەت قىلالمايــدىغان قورقۇنچــاق كىشــدۇر. ئەگەردە ئۇ جۈرئەتلىك بولسا ئىدى، باشقىلارنىڭ خاتــالىقنى ئالدىدا سۆزلىيەلىگەن بولاتتى.

بىز نېمە ئۈچۈن بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئــۆزىگە ئەســكەرتىش ئارقىلىق، ئۇنى ياخشىلىققا بــۇيرۇپ يامــانلىقتىن توســۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشمايمىز؟!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىــڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنــى قىلغــان ۋە (مەن ھەقىــقەتەن مۇســۇلمانلاردىنمەن) دېــگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟»

باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلاش يــاكى غەيــۋىتىنى قىلــش ئارقىلىق ئۇلارغا خاتالىقنى تونۇتقىلى بولغان تەقــدىردىمۇ، لېكىن ئارقىسىدا غەيۋەت قىلىش ئارقىلىق، ئاللاھ تائالانــىڭ نەزىرىــدە گۇناھكــار، بۇرادىرىڭىنــىڭ گۆشــىنى يېگــۈچى بولىدىغان گەپ. ئەگەر غەيۋىتى قىلىنغان ئادەم ئاڭلاپ قالسا قىيىن ئەھۋالغا چۈشــۈپ قالــدىغان گەپ. ھەتتــا بەزىــدە تېنىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ ـ دە، يالغانچىلىققا ئاپىرىپ قويىدۇ.

## غەيۋەتخور ئىمانى ناقىس كىشىدۇر

غەيۋەتكە ئالــدىرىمايلى، غەيۋەتخورلــۇق ئىمانىمىزنىــڭ ناقىسلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەسمۇ!

پەيغەمبەر ئەلەيھىســالام: «ســىلەرنىڭ بىــرىڭلار ئــۆزى ياخشى كــۆرگەن نەرســىنى قېرىندىشــى ئۈچۈنمــۇ ياخشــى كۆرمىگىچە ھەقىقى مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەنغۇ؟! غەيــۋەت

قىلغىنىمىز ئۆزىمىزگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىمىزغا ياخشى كۆرگەنلىك ھېسابلىنامدۇ؟!

بىزمۇ باشقىلار بىلىشنى ياقتۇرمايدىغان ئەيىبلىرىمىزنى بىراۋلارنىڭ سۆزلەپ يۈرۈشىنى خالامدۇق!؟ ئەلۋەتتە خالىمايمىز، ئۇنداقتا ئۆزىمىزگە راۋا كۆرمەيدىغان ئىشنى باشقىلار ئۈچۈن قانداقمۇ راۋا كۆرىمىز؟ غەيۋەتخورلۇق بىۋاستە ئىمانىي ئاجىزلىقا تاقىشىدىغان مەسىلە ئەمەسمۇ!؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «بىرىڭلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ياخشى ئويلايلى! كىمكى ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرسە ھىدايەتكە ئېرىشىدۇ ۋە ساغلام ئىمانغا مۇۋەپپەق قىلىنىدۇ. كىمكى شۇنداق قىلمايدىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ تەھتىگە داخىل بولۇپ قالىدۇ.

ھەقىقەتەن ئىمان، ئىنسان قولغا كەلتۈرگەن نەرسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىكىدۇر.

## غەيۋەت ياخشىلىقنى بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشتىن چەكلەپ قويىدۇ

ئەگەر ئىمانىمىزدا راستچىل، ئەمەللىرىمىزدە ئىخلاسمەن بولىدىغان بولساق ئەيىب، خاتالىق، كەمچىلىكلىرى بار كىشىلەرنى ئۇچراتقىنىمىزدا ئۇنىڭغا چىرايلىقچە ئەسكەرتىپ قويىغان ۋە ياخشىلىقنى بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقان بولاتتۇق.

ناۋادا بىراۋنىڭ ناتوغرا ئىش-ئىستىللىرىنى ياكى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ قالغىنىمىزدا، شەيتان بىزنى غەيۋەتكە كۈشكۈرتسە، بىز دەرھال غەيۋەتخورلۇقنىڭ ناچار ئىللەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ بۇ ئىللەتنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى ئەسلىشىمىز لازىم.

بەزىلەر غەيۋەت-شىكايەت، ئازغۇنلۇق، گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە توشۇپ كەتكەن قەلبلەرگە بۇنداق ۋەز-نەسىھەت، ئەسلەتمىلەر قانداقمۇ تەسىر قىلسۇن! دېيىشىدۇ. ئەمما بىز ئاللاھنىڭ تولىمۇ رەھىمدىل ۋە كۆيۈمچان زات ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا قەلبلەرنىڭ ئاللاھنىڭ كونتروللۇقىدا ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ قەلبلەرنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

شۇنداق بولغانىكەن، بىز خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلماستىن، مەيدىسىدىن ئىتتىرمەستىن، بەلكى

قولىدىن تۇتۇپ، چىرايلىق نەسىھەت ۋە ھېكمەتلەر ئارقىلىق خاتالىقىنى تونۇتىشىمىز ۋە بۇنىداق قىلىشىمىزدا ئاللاھ رىزالىقىدىن باشقا ھېچقانداق مەقسىتىمىزنىڭ يوقلىقىنى، ئۆزىمىزگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىمىزغىمۇ ياخشى كۆرگەچكە شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك.

مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىز «ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت»لەردىن بولالايمىز.

ئاللاھ تائالا بىز مۇسۇلمانلارنى «ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت» بولۇشقا بۇيرۇۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىر ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئورنىغا قېرىنداشلىرىمىزغا غوم ساقلاپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن خۇشاللىق ئىزدەپ، دائىم باشقىلارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىپ، ئۆسەك سۆز تارقىتىپ يۈرۈۋاتىمىز. بۇ نېمە دېگەن قەبىھ قىلمىشلار ھە!؟

# رۇخسەت قىلىنغان غەيۋەتلەر

يۇقىرىدا غەيۋەتنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى شەرئىي جەھەتتىن مۇباھ (رۇخسەت قىلىنغان) غەيۋەتلەر ھەققىدە توختىلىمىز.

تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا غەيۋەت قىلىشقا بولىدۇ:

1. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى زۇلۇمنى پاش قىلىش يۈزىسىدىن غەيۋەت قىلىش.

زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى پادىشاھ ياكى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، شۇ ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ قويۇش ئۈچۈن «پالانى ماڭا مۇنداق ـ مۇنداق زۇلۇم قىلدى» دېيىشە بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇسۇفياننىڭ ئايالى ھىندى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئەبۇسۇفيان بېخىل ئادەم، مەن ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي ئېلىۋالغان نەرسىدىن باشقا ماڭا ۋە بالامغا كۇپايە قىلغۇدەك نەرسە بەرمەيدۇ، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىز ئاشۇرۇۋەتمەستىن ئۆزىڭىزگە ۋە

بالىغىزغا كۇپايە قىلغۇدەك هالدا ئېلىڭ» دېدى.[1]

2. پەتىۋا سوراش مەقسىتىدە پەتىۋا بەرگۈچىگە «ئائىلەمدىكىلەر ماڭا ناهەقچىلىق قىلىۋاتىدۇ ياكى پالانى مۇنداق زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ، قانداق قىلغاندا بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلىمەن؟» دەپ چىقىش يولى سورىسا بولىدۇ.

3. يۇقىرىقى هىندىنىڭ ۋەقەلىكىگە ئوخشاش مۇنكەرنى ئۆزگەرتىش ياكى مۇسۇلمانىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ياردەمى بولىدىغان سۆزلەرنى قىلىسا بولىدۇ.

4. مۇسۇلمانلارنى يامانلىقتىن ئاگاهلاندۇرۇش؛ مەسىلىلەرگە سەممىي مۇئامىلە قىلىش؛ هەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ نۇقسانلىرىنى ئاشكارىلاش؛ گۇۋاهچىلارنىڭ ئىشەنچسىزلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇش قاتارلىق زۆرۈر ئاگاهلاندۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنى سۆزلەش غەيۋەت هېسابلانمايدۇ.

مەسىلەن: زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان هەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن سەپەرگە چىقتۇق، بۇ سەپەردە كىشىلەر كۆپ مۇشەققەتلەرگە يولۇقتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئادەملىرىگە: رەسۇلۇللاهنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى تەمىنلىمەڭلار!

[1] بىرلىككە كەلگەن هەدىس

ئۇلار ئۇنىڭ ئەتىراپىدىن تارقىلىپ كەتسۇن! بىز مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم (يەنى مۇنافىقلار ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خار ئادەم (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى)نى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ، دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي: مەن ئۇنداق دېمىدىم، دەپ قاتتىق قەسەم قىلىپ تۇرىۋالدى. ساھابىلارمۇ: زەيد رەسۇلۇللاھقا يالغان سۆزلەپتۇ، دېيىشتى. بۇ ئىش ماڭا قاتتىق تەسىر قىلىپ، ئاللاھ تائالا مېنىڭ سۆزۈمنى تەستىقلاپ، مۇنافىقۇن سۈرىسىنى نازىل قىلغانغا قەدەر كۆڭلۈم ناھايىتى بىئارام بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنى مەغفىرەت تىلەشكە چاقىرى. ئۇلار بۇنداق قىلىشتىن باش تارتتى».

«دىن ـ سەممىيەت دېمەكتۇر» دېگەن ھەدىس توغرىسىدا ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن يالغانچىنىڭ يالغانچىلىقىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى بولغان سەممىيەتنىڭ ئەڭ كاتتىسى».

5. تويلاشماقچى بولغانلار، تىجارەتتە شېرىكلەشمەكچى بولغانلار ۋە قوشنا بولۇشماقچى بولغانلار توغرىسىدا مەسلىھەت سورالغاندا، ئۇلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى

سەممىلىك بىلەن ئەسكەرتسە غەيۋەت ھېسابلانمايدۇ.

مەسىلەن: فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ «ئەبۇجەھمى بىلەن مۇئاۋىيە ماڭا توي تەلىپى قويدى (قانداق قىلسام بولار؟)» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مۇئاۋىيە نامرات ئادەم، ئەبۇجەھمى يەلكىسىدىن ھاسىسى چۈشمەيدىغان ئادەم[1]» دېدى.

يەنە بىر ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندا ئالتە تۈرلۈك ھەققى بار، دىگەندە، ساھابىلار ئۇلار قايسى؟ ئى رەسۇللاھ! دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغان مۇسۇلمانغا سالام قىلىش؛ باشقىلارنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇش؛ قانداق بىر مۇسۇلمان ئاغرىپ قالسا كېسلىنى يوقلاش؛ ئۆلۈپ قالسا جىنازىسىغا ئەگىشىش؛ توي ـ تۆكۈن ۋە مېھماندارچىلىق ئىشلىرىغا چاقىرسا بېرىش؛ چۈشكۈرۈپ ئاللاھغا شۈكرى دېسە، ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن دېيىش» دەپ جاۋاب بەرگەن.

6. خاتا پىكىردىكىلەرگە رەددىيە بېرىش ياكى بىدئەت ئىشلارنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن سۆز قىلىش غەيۋەت ھېسابلانمايدۇ. لېكىن مۇناسىۋەتسىز ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارماسلىق كېرەك.

بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت

[1] بىر رىۋايەتتە كۆپ سەپەر قىلىدىغان ئادەم؛ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئاياللىرىنى بەك ئۇرىدىغان ئادەم، دېيىلگەن

قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالـدىغا كىرىشكە رۇخسـەت سـورىدى. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام: «قەبىلىسىنىڭ ئەسكى بۇرادىرىگە رۇخسەت قىلىڭلار» دېدى. بۇ ھەدىسنى بۇخارى پاسـادچىلارنىڭ غەيـۋىتىنى قىلىشـنىڭ دۇرۇسلىقىغا دەلىل قىلدى.

يەنە بىر ھەدىستە: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىـۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن پالانچى، پالانچىلارنى بىزنىڭ دىنىمىـزدىن بىـرەر نەرسـىنى بىلىدۇ، دەپ قارىمايمەن».

لەيس «بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغـان بـۇ ئىككـى كىشـى مۇناپىق ئىدى» دەيدۇ.

7. بىر كىشىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىپ، ئۇ ئادەم جەمئىيەتتە ئاقساق، توكۇر، قارىغۇ، گاچـا دېگەنـدەك لەقەملەر بىلەن تونۇلغان بولسا، لەقىمىنـى قوشـۇپ ئاتـاش غەيۋەت ھېسابلانمايدۇ. شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر لەقەم ئىگىسى شۇ لەقەم بىلەن ئاتالمىغىچە، پەقەت تونۇلمايـدىغان بولسا بۇ ۋاقىتتا ئۇنى لەقىمى بىلەن ئاتاش دۇرۇس بولـىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ لەقىمى ئەيىبى بولماسـتىن بەلكـى ئۇنـىڭ ئالامىتى بولىدۇ. لېكىن يۇقىرىقىدەك لەقەملەرنى كەمسـىتىش ياكى ئەيىبلەش مەقسىتىدە تىلغا ئېلىش ھارامـدۇر. مـۇمكىن بولسا لەقىمىنى تىلغا ئالماي تونۇشتۇرۇش لازىم.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنـــداق دەيـــدۇ: «پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹سىلەرگە يەمەندىن ئـــۇۋەيس ئىسىملىك بىر ئادەم كېلىدۇ. ئۇ يەمەندە ئانىســـدىن باشـــقا نەرسىنى قالدۇرۇپ قويمايدۇ. ئۇنىڭدا ئاق كېسەل بولـــۇپ، ئاللاھقا دۇئـــا قىلىۋېـــدى، ئـــاق كېســـەل ســـاقىيىپ، پەقەت تەڭگىنىڭ ياكى تىللانىڭ ئورنىچىلىك يەر قالدى. ســـىلەردىن كىمكـــى ئۇنىڭغـــا ئۇچراشســـا، ئـــۆزىگە مەغپىـــرەت تەلەپ قىلغۇزسۇن.›» (بـــۇ ھەدىســـتە پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالام ئۇۋەيسنى باشقىلارنىڭ تونۇۋېلىشى ئۈچۈن «ئاق كېســـەل» دەپ سۈپەتلىگەن)

مۇباھ غەيۋەتكە كۆنۈپ قېلىپ، بىلىپ ـ بىلمەي شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ھارامغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئاگاھ بولۇشـــىمىز لازىم.

مۇباھنىڭمۇ چەك ـ چېگراسى بولـــدۇ. شـــۇنىڭ ئۈچـــۈن مۇباھ غەيۋەت قىلغان ئادەم باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكـــۈزۈش ياكى ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىش نىيىتىدە بولماســـتىن، بەلكـــى دۇرۇس نىيەتتە، سەممىي بولۇشى ۋە ناھايىتى ئېھتىياتچـــان بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا كۆزلەرنىڭ خىيانىتى ۋە قەلبلەر يوشۇرغان ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

# دۇرۇس بولىدىغان غەيۋەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار

1. خالىس نىيەتلىك بولۇش: ئەگەردە بىراۋنىڭ كەمچىلىكىنى تۈزىتىش نىيىتىدە بولماي ياكى مەلۇم پايدا ـ مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئۇنى كەمسىتىش ياكى ئەيىبلەش مەقسىتىدە سۆزلىسە گۇناھكار بولىدۇ.

مەسىلەن: بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمدىن توي ئىشلىرىدا مەسلىھەت سورىسا، سورالغۇچىدا بار بولغان نوقسانىنى يەتكۈزۈپ قويۇش نىيىتىدە ئەمەس، بەلكى ھەسەت قىلىپ، تويىنى بۇزۇۋېتىش نىيىتىدە سۆز قىلىش ھارامدۇر.

2. دۇرۇس بولىدىغان غەيۋەتنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان پايدىدىن زىيان كۆپرەك ئىكەنلىكى ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيان سېلىپ، پىتنىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى مەلۇم بولسا، مۇنداق غەيۋەتنى ساقلىنىش لازىم.

# غەيۋەتتىن تەۋبە قىلىش

غەيۋەت قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبە قىلىشى ۋاجىپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا تەۋبە قىلىشقا ئالدىراش لازىم.

تەۋبىنىڭ توۋەندىكىدەك تۆت شەرتى بار:

1. غەيۋەتنى قەتئىي تەرك ئېتىش؛

2. ئىلگىرى قىلغان غەيۋەتلىرىگە ھەقىقىي پۇشايمان قىلىش.

3 ـ بۇندىن كېيىن غەيۋەت قىلماسلىققا بەل باغلاش.

4 ـ غەيۋەتنى قىلغان قېرىندىشىدىن رازىلىق ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراش؛ ئەگەر كەچۈرۈم سورىسا، پىتنە ـ پاسات يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولسا، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ مەغپىرەت سوراش كېرەك.

ئىبنى كەسىر سۈرە ھۇجراتنىڭ تەپسىرىدە، غەيۋەتخورنىڭ تەۋبىسىگە غەيۋەتنى قىلىپ سالغان قېرىندىشىدىن رازىلىق تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراشنى شەرت قىلغان بولسىمۇ، باشقا ئالىملار ئەگەر غەيۋەتنى قىلىنغان ئادەمگە مەلۇم قىلىنسا، ئۇ كىشى تېخىمۇ ئەزىيەت چېكىشى مۇمكىن دەپ قاراپ ئۇنى شەرت قىلمايدۇ.

شەيخ ئەلبانىمۇ ئىمام نەۋەۋىينىڭ (ياخشىلارنىڭ باغچىسى) دىكى تەۋبە ھەققىدىكى سۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، ئەگەردە گۇناھ، غەيۋەت قىلغان ئىشقا ئائىت بولۇپ، غەيۋىتى قىلىنغان كىشىدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىنسا پىتنە-پاسات كېلىپ چىقمايدىغان شارائىت ئاستىدا، ئاشۇ كىشىدىن ئەپۇ سوراش ۋە تەۋبە قىلغۇچى پۈتۈن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

## غەيۋەت دەپ قارالمايدىغان، لېكىن غەيۋەت تۈرىگە كىرىدىغان سۆزلەر

1. بىر ئادەم بىراۋ يامان كۆرىدىغان بىر ئىشنى «مەن بۇ گەپنى ئۇنىڭ ئالدىدىمۇ دېيەلەيمەن» دەپ باشقىلار ئالدىدا سۆزلەۋېرىدۇ. بۇ خىل ھالەتتىمۇ ئوخشاشلا غەيۋەت شەكىللىنىدۇ.

بۇنىڭ دەلىلىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن بايان قىلىمىز.

(1) بىر ئادەم يامان كۆرىدىغان ئىشنى ئۇ ئادەم يوق يەردە دېيىش سېپى ئۆزىدىن غەيۋەت ھېسابلىنىدۇ.

(2) ئالدىدىمۇ دېيەلەيمەن دەپ تۇرۇپ غەيۋەت قىلىش غەيۋەتنىڭ دۇرۇس بولۇشىغا دەلىل بولالمايدۇ.

(3) غەيۋەتنى قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۆزى توغۇرلۇق قىلىنغان غەيۋەتنى ئەپۇ قىلىۋېتىدىغانلىقىغا ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ.

(4) ئەمەلىيەتتە غەيۋەت قىلغۇچىلارنىڭ «مەن ئالدىدىمۇ دېيەلەيمەن» دېگەن گېپى شەيتاننىڭ غەيۋەتنى دۇرۇس كۆرستىش ئۈچۈن بەرگەن تەلىماتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

2. بەزى ئادەملەرنىڭ جامائەت سورۇنلىرىدا «ئاللاھ پالانىدەك ھاياسىزلىقلاردىن ساقلىسۇن» دېيىشى ئوخشاشلا

غەيۋەتكە كىرىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش باشقىلارنى چۆكۈرۈپ ئۆزىنى ماختاش بىلەن بىرگە، بىراۋنىڭ ئابرويىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

3. باشقىلار بىراۋنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا «ئاللاھ ئەھۋالىمىزنى ياخشىلىسۇن، ئاللاھ مەغپىرەت قىلسۇن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىسۇن، ئاللاھتىن خاتىرجەملىك تىلەيمىز، يامانلىقتىن پاناھ تىلەيمىز» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئەھۋالى سورالغان كىشىنى چۈشۈرۈش ياكى باشقىلارنى ئۇنىڭغا قارىتا خاتا گۇمانغا كەلتۈرۈپ قويۇشمۇ ئوخشاشلا غەيۋەت ھېسابلىنىدۇ.

4. «پالانىمۇ بىز كۆرگەننى كۆردى، بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگىنى ئۇنىڭ بېشىغىمۇ كەلدى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش غەيۋەتكە يول ئاچىدۇ.

5. بىر ئادەمنى مازاق قىلىش ياكى تۆۋەن كۆرۈش مەقسىتىدە «ئەپەندىم، ھەزرەتلىرى، خوجايىن، جانابلىرى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش.

6. غەيۋەتنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدىكى دەلىللەر چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال، باي ـ پېقىر ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق بەزىلەر دەلىلسىزلا «ئۆزىدىن كىچىكلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا دۇرۇس بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

مۇنداقلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى

كۇپايە: «مۇنداق ئۈچ ئادەمدىن، يەنى ساراڭ ئەقلىگە كەلگەنگە قەدەر، ئۇخلىغان ئادەم ئويغانغا قەدەر، نارەسىدە بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر قىلغان ئىشلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.»

7. بىر ئادەم ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئەمما نەسىھەت قىلغۇچى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا «پالانى مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى سادىر قىلدى، مەن ئۇنىڭغا مۇنداق نەسىھەت قىلدىم» دەپ سۆزلەپ يۈرىدۇ.

9. گۇناھكارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش دۇرۇس دەپ قاراش

گۇناھكارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق گۇناھى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھەر قانداق مۇئمىنمۇ گۇناھتىن خالىي ئەمەس. ئىنسان ھاياتلا بولىدىكەن گۇناھتىن قۇتۇلالمايدۇ. مۇئمىن كۆپ ئىمتىھان قىلىنىدۇ. كۆپ تەۋبە قىلىدۇ. كۆپ ئۇنتۇيدۇ. (خاتالىقلىرى) ئەسلىتىلسە ئەسلىتىش پايدا قىلىدۇ».

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «ئىنسان خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىدۇر، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر».

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ؟ «غەيۋەت دېگەن قېرىندىشىڭ ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى تىلغا ئېلىشىڭ» دېگەن ھەدىسىنىكى قېرىندىشىڭ دېگەن سۆزنى قانداق چۈشەندۈرىدىغاندۇ ھە؟ قېرىندىشىڭ دېگەن سۆز ئاسىي ۋە ئىتائەتمەن ھەر ئىككىلىسىنى ئۆزئىچىگە ئالامدۇ؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە ئۇنى ھاقارەتلىمەيدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەندە تاشلاپ قويمايدۇ. تەقۋالىق مانا بۇ يەردە، دەپ ئۆزىنىڭ كۆكرىكىگە ئۈچ قېتىم ئىشارەت قىلدى. ئاندىن: بىر كىشىنىڭ ناچارلىقىغا ئۇنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ. مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە ئابرۇيىغا تېگىشى ھارامدۇر» دېدى.[1]

بىز بۇ غاپىللاردىن سوراپ باقايلى: ئاسىي مۇسۇلماننىڭ قېنى ۋە مېلىمۇ ھالالمۇ؟! يۈز ئابروي خۇددى قېنى ۋە مېلىغا ئوخشاشلا قوغداشقا تېگىشلىك ھەقلىرى تۇرسا، نېمشقا قان ۋە ماللىرىنى ھالال دېيەلمەيسلەر ـ يۇ، غەيۋەتنى قىلىپ يۈز ـ ئابرويىنى تۆكۈسلەر؟!

10 ـ بىر ـ بىرىنى ئۇ يەرلىك، بۇ يەرلىك، پالانى يېزىلىق، پالانى شەھەرلىك، پالانى كۆنچى، پالانى ياغاچچى، ياكى پالانى تۆمۈرچى دېگەندەك سۆزلەر بىلەن چاقىرىشمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

[1] مۇسلىم ۋە بۇخارى رىۋايىتى

«غەيۋەت دېگەن قېرىندىشىڭ ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى تىلغا ئېلىشىڭ» دېگەن ھەدىسنىڭ تەھتىگە داخىل بولىدۇ.

خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان يامانلىق ئاقىۋەتلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنى توغرا يولدىن توسۇپ، نەسىھەت قوبۇل قىلماسلىققا ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرغۇچىلارنى يامان كۆرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، بۇ خىل غەيۋەت (گۇناھكارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش) بەزى ھاللاردا دىنىي يېتەكچىلەر ۋە مەسجىد جامائەتلىرىدە سادىر بولۇۋاتىدۇ. يەنى ئۇلار ناماز ئۆتىمەيدىغان، زاكات بەرمەيدىغان ياكى روزا تۇتمايدىغانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ سالىدۇ. ئۇلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، غەيۋىتىنى قىلغان كىشىگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك ۋە ئىشەنمەسلىك كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتچىلەر ۋە مەسجىد جامائەتلىرى ئاسىي گۇناھكارلارغا قارىتا ھېسداشلىق قىلىش، ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا چىرايلىقچە ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا تۈرتكە بولۇشى لازىم.

(2)مۇسۇلمانلار ئارىسىدا زىددىيەت ئېغىرلىشىدۇ. ئەگەر بىراۋ قېرىندىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭمۇ غەيۋەت قىلغان ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئېھتىمالى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن زىددىيەت بارغانسېرى كۈچىيىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا

پىتنە ـ پاسات ئېغىرلىشىدۇ. بۇ توغرۇلۇق تالاي مىسالالارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن.

## قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلارنىڭ كەينىدە ئۆسەك سۆز تارقاتماستىن، ياردەملىشىپ توغرا يولغا يېتەكلەپ قويۇش لازىم

ھەر قانداق ئادەمدە ئۆزىگە چۇشلۇق ئاجىزلىق بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بەزى ئادەملەر بىرەر ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىگەندە شۇ ئىشقا ئىنسانىي ياردەم بېرىش تولىمۇ زۆرۈر. ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى، بەزىلەر مۇنداق ئادەملەرگە ياردەم بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ.

ئەبۇزەر جۇندەب ئىبنى جۇنادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قايسى ئەمەل ئەۋزەلرەك؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى. مەن: قايسى قۇلنى ئازاد قىلىش ئەۋزەلرەك؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خوجايىنىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېسىلى، قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنىنى» دېدى. مەن: ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسىچۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىرەر قىيىنچىلىقى بار ئادەمگە ياردەم بەرگىن ياكى ئۆز ئىشىنى قاملاشتۇرالمىغان بىرەر ئادەمنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگىن» دېدى. مەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر شۇ ئەمەللەرنىڭ بەزىسىنى قىلىشقا ئاجىز

كەلسەمچۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن ساقلانغىن، بۇ ئۆزۈڭ ئۈچۈن سەدىقىدۇر» دېدى.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىستە قول ئازاد قىلىشنىڭ ئەۋزەل ئەمەلنىڭ ئىكەنلىكىنى، قول ئازاد قىلالمىغان ئادەم ئۆز ئىشىنى مۇكەممەل قىلالمايدىغان ئادەمگە ياردەم بەرسىمۇ كاتتا ئەجىرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

# غەيۋەتتىن يامانراق ئىش

غەيۋەتنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرىدىن باشقىمۇ يەنە بەزى كۆرۈنۈشلىرى بار. بەزىلەر بىراۋلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى، گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكىنى باھانە قىلىپلا ئۇنى ئەيىبلىگىلى، غەيۋىتىنى قىلغىلى تۇرىدۇ.

ھالال ياكى ھاراملىقى ھۆكۈم چىقىرىش ئۆرپ ئادەتلەرگە ئەمەس، پەقەت يېگانە ئاللاھقىلا خاس ھەق ـ ھوقۇقتۇر. ئۆرۈپ ـ ئادەتنى دەستەك قىلىپ، غەيۋەتنى ھالال ساناش ئاللاھنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقتۇر.

مەسىلەن: ناۋادا بىر كىشى ئۆزىنىڭ بۇرادەرلىرىنى زىياپەتكە چاقىرىپ مەلۇم بىرسىنى چاقىرماي قالغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ چاقىرىلمىغانلىقىدىن ئاچچىقلىنىپ بۇرادىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، بۇ دەل نادانلىق ھەم دىنىي چۈشەنچىسىزلىكتىن بولغان بولىدۇ. چۈنكى، زىياپەت بەرگەن ئادەم سىزنى چاقىرماي قالسا گۇناھ بولمايدۇ، ئەمما سىز ئۇنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلساڭ، ئاللاھ چەكلىگەن ھاراملىقا چۈشۈپ قالغان بولىسەن. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ چىدىماسلىق، نەپسانىيەتچىلىك ۋە چۈپەيلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بەزى چاغلاردا شەرىئەتتە ياخشى كۆرۈلگەن بىر ئىشنى قىلسىمۇ، باشقىلار تەرىپىدىن چۈشىنىلمەي غەيۋىتى قىلىنىدىغان ۋە نادانلارنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ.

مەسىلەن: بىر كىشى ئالىي، قىممەت كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىشكە قادىر تۇرۇپ، كەمتەرلىك سەۋەبىدىن نورمال، پاكىز كىيىملەرنى كەيگەن بولسا، ئۇنى كۆرگەن نادانلار «ماۋۇ بېخىلنىڭ ئۆزىنى دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ، دىنىمىزنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزىۋاتقانلىقىغا قارىمامدىغان» دەيدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ.

بۇنداق دېگۈچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشكە قادىر تۇرۇقلۇق، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن كەمتەر بولۇش يۈزىسىدىن ئېسىل كىيىم كەيمىگەن كىشىنى ئاللاھ قىيامەت كۈنى بارلىق كىشىلەر ئالدىدا چاقىرىپ مۇئمىنلەر جەننەتتە كىيىدىغان كىيىملەردىن خالىغىنىنى كىيىش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ»[1] دېگەن بۇ ھەدىسكە نېمە دەيدۇ؟

يۇقىرىقىدەك ئىسلامنى قۇدرىتىنىڭ يېتىشچە تەتبىقلايدىغان، كەمتەر، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەرنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىزدۇر.

بىز ئالدى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىشىمىز؛ ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تىل ئۇزارتىشنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقى توغرىسىدا ئويلىنىپ بېقىشىمىز؛ ئۇ راستىنلا دىنىمىزغا داغ تەككۈزىدىغان ئىشنى قىلدىمۇ-يوق، دەپ تەھلىل يۈرگۈزۈپ بېقىشىمىز كېرەك!

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقىدەك ئاددىي - ساددا كىشىلەرنى قىيامەت كۈنى

---

[1] تىرمىزى رىۋايىتى

بارلىق كىشىلەر ئالدىدا چاقىرىپ مۇئمىنلەر جەننەتتە كىيىدىغان كىيىملەردىن خالىغىنىنى كىيىش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ. ئەمما غەيۋەت قىلغانلار مۇئمىنلەرنىڭ گۆشىنى يەيدىغان، قورقۇنچاق، گۇناھكار تۇرسا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى زادى قانداق بولار ھە؟

## غەيۋەتكە قارشى كۆرەش جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزەلىدۇر

كۆپىنچە كىشىلەر غەيۋەتكە قارشى كۆرەش، جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دېگەننى ئاڭلىسا ھەيرانلىقتا قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك يېرى يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتا ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلغان كىشى مۇجاھىد ھېسابلىنىدۇ».

«جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى نەپسىڭ، ھاۋايى ھەۋىسىڭ بىلەن بولغان جىھادتۇر.» چۈنكى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان جىھاد ئىنسان ئۆمرىنىڭ مەلۇم قىسمى بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولۇپ، ئەمما نەپسى بىلەن بولغان جىھاد، تاكى ئىنساننىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. شۇنىڭدەك دۈشمەنلەر بىلەن بولغان جىھادمۇ رىيا، قىزىق قانلىق، كۆز ـ كۆز قىلىشتىن خالىي بولمىغۇچە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش، غەيۋەتكە قارشى كۆرەش قىلىش ۋە زېمىندا ئىسلام دۆلىتىنى تۇرغۇزۇشتىن بۇرۇن قەلبىدە تۇرغۇزۇش ھەربىر مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۇ كۈندە مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ نۇسرىتى بىلەن خۇشاللىنىدۇ.

ئاللاھ خالىغان كىشىگە نۇسرەت بېرىدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.»

## غەيۋەتخورلارغا ئاتالغان نەق گەپلەر

بىر كىشى ھەسەنۇلبەسرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، مەن سېنىڭ غەيۋىتىڭنى قىلىپ سالدىم دېگەندە، ئۇ «سەندىن ئېلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئەمەللىرىم قانچىلىك مىقدارغا يەتتى» دەپ سورىغان.

بىرەيلەنگە: پالانى سېنىڭ غەيۋىتىڭنى قىلدى دېيىلگەندە، ئۇ بىر تەخسە ھۆل خورما ئەۋەتىپ، سەن مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلغانلىق خەۋىرىڭ يەتتى، ھەققىڭنى تولۇق بىرەلمىسەممۇ، بۇنى مۇكاپات ئۈچۈن ئەۋەتتىم، دېگەن.

ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەنىكەن: مەن ئەگەر غەيۋەت قىلغان بولسام، ئاتا ـ ئانامنىڭ غەيۋىتىنى قىلاتتىم. چۈنكى، مېنىڭ ئاخىرەتتىكى نەسىۋىلىرىمگە ئەڭ ھەقلىق بولغانلار شۇلاردۇر.

ئۆمەر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئۆلۈك قېچىرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھەمراھلىرىغا «بىراۋنىڭ بۇ تاپىدىن يەپ، قورسىقىنى تويغۇزغىنى مۇسۇلماننىڭ گۆشىنى يېگىنىدىن ياخشىدۇر» دېگەنىكەن.

بىر كىشى بىر بۇرادىرىنىڭ يېنىدا بىر ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلغاندا، ئۇ بۇرادىرى ئۇنىڭدىن «سەن روسلارغا قارشى جىھادقا قاتناشتىڭمۇ» دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم: ياق، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ئۇنداقتا يەھۇدىيلارغا قارشى جىھادقىچۇ دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم يەنە ياق ـ

دېگەندە، ئەجەبا سەندىن روس ۋە يەھۇدىيلار ئامان قالىدىكەنۇ، نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىندىشىڭ ئامان قالمايدۇ، دېگەنىكەن.

ئەگەردە سەن ئۈچ ئىشقا قادىر بولالمىساڭ، ئۈچ ئىشنى مەھكەم تۇت. ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ، يامانلىق قىلما! باشقىلارغا پايدا يەتكۈزەلمىسەڭ، زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلان! روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىساڭمۇ، باشقىلارنىڭ گۆشىنى يېمە!

تەقۋادار ئاقىل ئەر بولماس ئاۋارە،
بىراۋنىڭ ئەيىبنى كوچىلاش بىلەن.
ھەر ئادەم تۈزىسە ئاۋۋال ئۆزىنى،
يۈرمەس ئۇ ئېتىشىپ باشقىلار بىلەن.

## غەيۋەتخورلۇقتىن ساقلىنىش روھنى پاكلاشنىڭ تۇنجى قەدىمى[①]

قەســـەمخور، پەس، غەيۋەتخـــور، ســـۇخەنچى، بېخىـــل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپـــال، ئۇنىـــڭ ئۈســـتىگە ھارامدىن بولغان ئـــادەمگە ئىتـــائەت قىلمىغـــىن! «قۇرئـــان كەرىم»دىن

سۇخەنچى ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ «ھەدىس شەرىف»تىن

غەيۋەتخورنىـــڭ تىلىنـــى كەس، ئاڭلىغۇچىنىـــڭ قـــۇلىقىنى (كەس) «ئۇيغۇر خەلق ماقالى»

پۇت يۆگۈرىكى ئاشقا، ئېغىز يۆگۈرىكى باشـــقا «ئۇيغـــۇر خەلق ماقالى»

غەيۋەت ھەسەتتىن ئاپىرىدە بولغان ھـــارام تـــۆرەلمە! ئـــۇ بالاغەتكە يەتكەندە چىقىمچىلىققا ئايلىنىدۇ. مانـــا بـــۇ ئـــۈچ باسقۇچ ئايەت ۋە ھەدىسلەردە قاتتىق تەنقىـــت قىلىنغـــان ۋە دەھشەتلىك جازالار بىلەن ئاگاھلانـــدۇرۇلغان. چـــۈنكى ئـــۇ، ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىـــك بەخـــت ـ ســـائادىتى يـــاكى بەختسىزلىكىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

غەيۋەتخورلۇق ناھايىتى ئېغىر ئىجتىمائىي ئاقىۋەت پەيـــدا

[①] مەزكۇر ماقالە ۋە كېيىنكى ماقالە تەھرىر ۋە كوررېكتور تەرىپىدىن قوشۇمچە قىلىندى

قىلىدىغان ۋابادۇر. ئۇنىڭ قىيامەتتىكى دەھشەتلىك جازاسىنى دېمەي تۇرغاندىمۇ، غەيۋەتخورنىڭ ئاۋام ـ خەلق ئىچىدە ھېچقانداق ھۆرمىتى، قىممىتى، شەرىپى بولمايدۇ. نورمال ئىنسانىي تەبىئىتىنى يوقاتمىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر ئىنسانغا ئۆزى ياشاۋاتقان تۇپتىن ئۆزىگە تېگىشلىك ھۆرمەتكە، قىممەتكە ئېرىشەلمەسلىك ۋە باشقىلارنىڭ نەزىرىدە شەرەپسىز ئاتىلىپ قېلىشتىنمۇ ئېغىر جازا بولمىسا كېرەك! ئەمما بۇنداق قىممەتسىزلىك، شەرەپسىزلىك، ئېتىبارسىزلىقتىن خورلۇق ھېس قىلماي پەرۋاسىز ياشاۋېرىدىغان ۋە ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن قىممەت ۋە قىممەتسىزلىك، شەرەپ ۋە شەرەپسىزلىكنىڭ ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ. قىممەت، شەرەپ، ئىپتىخار، غورۇر، ۋىجدان دېگەن سۆزلەر ئۇلارنىڭ لۇغىتىدىن ئۆچۈپ كەتكەن، يات ئاتالغۇلاردۇر.

قىممەت، غورۇر، شەرەپ دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەنلەر ئىنسانىي قىممەتكە، شەرەپكە، ئىپتىخارغا، غورۇرغا ۋە ۋىجدانغا ئىگە، نەسلى ساپ، ئىنسانىي تەبىئىتىنى يوقاتمىغان كىشىلەرنى كۆرگەندە خۇددى چاپاق ئادەم جۇلالىق قۇياشقا كۆزىنى قىسىپ قارىغاندەك قارايدۇ ـ دە، ئۇلارنى بىردەمدىلا غاجىلاپ ـ غاجىلاپ قۇرۇق ئېسكىلىتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ۋە ئالىي ھىممەتكە، ۋىجدان ـ غورۇرغا، ئالىيجاناب روھقا، يۈكسەك غايىگە ئىگە ئادەملەرنىڭ پۇت ـ قولىنى كۆرۈنمەس

يىپ (غەيۋەت) ئارقىلىق چۈشەپ مىدىرلىيالماس قىلىۋېتىدۇ.

غەيۋەتخورلۇق كۆپىنچە ئورتاق مەقسەت ۋە كۆز قاراشقا ئىگە كىشىلەردە شەكىللىنىدىغان بىنورمال روھىي كەيپىياتتۇر. غەيۋەت كۆپىنچە ھەسەتتىن شەكىللىنىدۇ. غەيۋەتخورلار باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەن تەرەپلىرىگە ھەسەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ نىشانىنى بۇراش ياكى بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسىتىدە ئالدىدا دېيەلمەيدىغان ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، شۇنداقلا ئۆتۈقلىرىنى ياكى مەغلۇبىيەتلىرىنى يامان تەرەپكە بۇراپ، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ.

غەيۋەت گەرچە ئىنسانلارغا ئورتاق تېما بولسىمۇ، ئەمما ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان خەلقلەردە ئومۇملىشىش نىسبىتى ئوخشاش بولمايدۇ. تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ۋە بىر قەدەر مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىغا ئىگە ساپالىق، ۋىجدانلىق كىشىلەردە ئازراق؛ بىلىمسىز، ساپاسىز، بىكار ـ تەلەت، خاراكتېرسىز، تۇترۇقسىز كىشىلەردە كەڭرەك ئومۇملاشقان بولىدۇ.

غەيۋەتخورلارنى چوڭ جەھەتتىن سەۋىيىلىك غەيۋەتخورلار ۋە نادان غەيۋەتخورلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

سەۋىيىلىك غەيۋەتخورلار مۇئەييەن مۇددىئا، غەرەزلەر كويىدا پىلانلىق، نىشانلىق ھالدا غەيۋەت قىلغۇچىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە شەخسكە كەلتۈرىدىغان

سەلبىي تەسىرى ئىنتايىن زور بولىدۇ. چۈنكى، سەۋىيىلىك ئادەملەر بىكار ـ تەلەتلىك ياكى ئاگاھسىزلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە رەقىپ شەكىللەندۈرۈۋالغان كىشىلەرگە ھەسەت قىلىپ، قىزغىنىپ ياكى مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە يېتىشىۋېلىشىدىن خەۋپسىرەپ ئۇلارنى غەيۋەت ئارقىلىق سېسىتىشقا باشلايدۇ. بۇ خىلدىكى ئادەملەردە ئۆزى سېزىپ ـ سەزمەي تەبىئىيلا تىت ـ تىت بولۇش، تەشۋىشلىنىش، زىيادە سەزگۈرلۈك قاتارلىق بىنورمال پسىخىك كەيپىياتلار شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل كەيپىيات ئۇزاق داۋاملىشىۋەرگەندە ئارامسىزلىق، تەپەككۇرى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، ئاسان ئاچچىقلىنىش قاتارلىق كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلار باشقىلارنى ئالغا سىلجىگىلى قويماسلا قالماستىن، بەلكى ئاخىرىدا قانچىكى ئىقتىدارلىق، تالانتلىق بولۇپ كېتىشتىن قەتئىنەزەر، بار كۈچىنى، بار ئىقتىدارىنى ئۆزىنى ئىھاتە قىلىش، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈنلا سەرپ قىلىۋېتىدۇ. زېھنى ۋە ۋاقتىنى بىھۇدە ئىشلارغا خورىتىۋېتىپ ھېچقانچە ئىجتىمائىي ياكى ئىقتىسادى قىممەت يارىتالمايدۇ ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشالمايدۇ. مانا بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەسەت گويا ئوت ئوتۇننى يېگەندەك ياخشى ئەمەللەرنى يەپ تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن ھەدىسىنىڭ رېئال ئىپادىسىدۇر.

نادان غەيۋەتخورلار سەۋىيىسىزلىك، ساپاسىزلىق،

بىلمىسىزلىك تۇپەيلىدىن ھېچقانداق غەرەزسىز، مۇددىئاسىز ھالدا غەيۋەت قىلىدىغانلار بولۇپ، بۇلار باشقىلارغا ھەسەت قىلىپ ياكى مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن غەيۋەت قىلمايدۇ. بەلكى ئاڭسىزلىقتىن، بىكار ـ تەلەتلىكتىن، ھاماقەتلىكتىن ۋە باشقىلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللىي ئىزدەش ئۈچۈن، كۆڭۈل خوشلۇقى ئىزدەپ غەيۋەت قىلىدۇ. بۇلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سەۋىيىلىك غەيۋەتخورلارنىڭ كانىيىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. سەۋىيىلىك غەيۋەتخورلار ئۆزى ھەسەت قىلىدىغان ياكى پۈتلىشىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ھەسەت ئوبيېكتىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە تەسەللى بولغۇدەك بىرەر ناچار دىتاللارنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ ـ دە، نەتىجىدە تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، ئاقنى قارا، راستنى يالغان قىلىپ، جەمئىيەتتە بىر مۇنچە ئېغۋالارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان نادان غەيۋەتخورلار بىزەپ، قاش ـ قۇلاق چىقىرىپ، بىرگە ئوننى قوشۇپ غەيۋەتنى قىلىنغان ئادەم ئاڭلىسىمۇ ھەيران قالغۇدەك، تونۇغۇسىز دەرىجىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ.

نادان غەيۋەتخورلار ئىچىدە ئۆزى قىلىۋاتقان گەپلەرنىڭ غەيۋەت ياكى ئەمەسلىكىنى ئۇقمايدىغانلارمۇ بار. غەيۋەت ئۇلارغا نىسبەتەن شۇنچىلىك ئاددى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ خىلدىكى ئورۇنسىز گەپ ـ سۆزلەر قارىماققا ئانچە كۆپ سەلبىي ئاقىۋەت

پەيدا قىلالمىغىنىنى بىلەن، بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزى ياكى باشقىلارنى ئېغىر پاجىئەلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ. بولۇپمۇ دىيارىمىزدىكىدەك رۇخسەتتىن چەكلىمە تولا، ئۆزى بىلىپ بىلمەي «قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئۇنسۇر»غا ئايلىنىپ قالىدىغان يەرلەردە نورمال ئىنسانىي ھۆرمەت، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت ئېتىبارغا ئېلىنمىدىغان ئەللەردە غەيۋەت ھېسابلانمايدىغان، ھەتتا خۇشخەۋەر ھېسابلىنىدىغان ۋە سۆيۈنچىگە لايىق بىر قىسىم سۆزلەرمۇ سۇخەنچىلىك بولۇپ قالىدۇ ۋە ناھايىتى ئېغىر پاجىئەلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

بىر قىسىم غەيۋەتخورلار شۇنچىلىك ماھىركى، كىمنىڭ قايسى تۈردىكى غەيۋەتلەرگە ئامراقلىقىنى، كىمگە كىم توغرىسىدا غەيۋەت قىلىپ بەرسە خۇشال بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار گەرچە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئوچشاپ يازالمىغان تەقدىردىمۇ، غەيۋەت جەھەتتىكى ماھارىتى مەخسۇس بىرەر كەسىپتە مۇتەخەسسىسلەشكەنلەرنىڭ ئۆز كەسپىگە بولغان ماھارىتىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ.

جەمئىيەتتىن ئۆرنەك (1)

بىر بۇرادىرىمىزنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، مەشھۇر بىر پىشقەدەمنى يوقلاپ كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، يوقلاپ كېلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇرت ـ يۇرتلارنىڭ «كاتتىلىرى» ئىكەن. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھېلىقى پىشقەدەمگە ئۆز بېغىنىڭ گۈلە ـ قاقلىرىنى، بادام ـ

ياشاقلىرىنى ياكى سامسا ـ كاۋاپ، ھەرخىل قىممەت باھالىق سوۋغاتلارنى كۆتۈرۈپ كىرىشكەن تەقدىرىدىمۇ، ئەمما ئاز بىر قىسىم «ماھىرلار» ھېلىقى پىشقەدەمنىڭ ئامراق نەرسىسىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىۋالغانىكەن، ئۇلار ھېچقانداق چىقىم تارتمايلا، كۆچمەيلا پىشقەدەمنىڭ رازىلىقىغا ۋە ئالاھىدە مەمنۇنلۇقىغا ئېرىشەلەيدىكەن. مەن قىزىقىپ ھېلىقى بۇرادىرىمدىن «ھېلىقى پىشقەدەمنى شۇنچە مەمنۇن قىلالىغان نېمە كاتتا سوۋغىكەن ئۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: نېمە بولاتتى، غەيۋەت بولمامدۇ!؟ دېدى، ئۇھسىنىپ. مەنمۇ پاراڭلىرىمىزنىڭ راۋاجلىنىپ غەيۋەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاخىرىنى سۈرۈشتۈرمىدىم. ئەمما قاتتىق ئەپسۇسلاندىمكى، شۇ كاتتىلار، خەلقنىڭ مەشئەللىرى، ھىدايەت يۇلتۇزلىرى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى شۇنچە قاتتىق چەكلىگەن بۇ ئىشلارغا مۇشۇنداق پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلسا، ھەتتاكى، رايۇن ئاتلاپ، شەھەر ئاتلاپ مەخسۇس غەيۋەت كۆتۈرۈپ كېلىدىغانلارنى ئالاھىدە قارشى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ خاس ئادەملىرى قىلىپ سايلىۋالسا... ھەيھات...! ئەھۋال مانا شۇنداق تۇرسا، ئادەتتىكى ساۋاتسىز، دىنىي تونۇق چۈشەنمەيدىغان ئادەملەردىن رەنجىشكە ھەققىمىز يوقمىكىن دەيمەن ئويلاپ قالدىم، ئادەم بەزىدە!؟

يۇقىرىدىكى پاكىت سۆپىتىدە تىلغا ئېلىنغان غەيۋەت ئەۋرىشكىسى پەقەت دەريادىن تامچە. ئەمما شۇنى ئېتىراپ

قىلماي بولمايدۇكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە غەيۋەت شۇنچىلىك ئومۇملىشىپ كەتكەن، ئۇنى ھېچكىشى تۈزىتىشكە تېگىشلىك مەسىلە دەپ قارىمايدۇ. ئۆزى غەيۋەت ئوبيېكتى بولۇپ قالغان ئۆلىمالار ياكى يازارمەنلەر جان ئاچچىقىدا ئاز-تولا قاقشاپ قويغاندىن باشقا نۇقتىلىق ھالدا تۈزىتىشكە كۈچ چىقىرىدىغانلار، سەپەرۋەر قىلىدىغانلار، ئاددىيسى ئۆزىنى بولسىمۇ بۇ رەزىل ئىللەتتىن ساقلاشقا كۈچەيدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس.

غەيۋەتنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق ئېچىنغان ئەدىب ئەختەم ئۆمەر مۇنداق يازىدۇ: «غەيۋەتخورلۇق پۈتۈن مىللەتنىڭ يىلىك يالىغاندەك تېتىشلىق، تاز بېشىنى قاشلىغاندەك يېقىشلىق ۋە ھوزۇرلۇق مۇگدىشىش ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنكى، تۈنجى مۇگدىششتىلا پەرىشتىدەك پاك، ئالى ھۆرمەت ساھىبمۇ؛ شەيتاندەك پاسىق مەلئۇنمۇ ئوخشاشلا غاجىلىنىپ، سىېسىق ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ دەپنە قىلىۋېتىلىدۇ. مۇشۇ سۆھبەتكە ھازىر بولغان ئەقىللىق، ئەقىلسىزنىڭ ھەممىسى خاھى بۇ ئادەمنى تونۇسۇن ياكى تونۇمىسۇن ئۇنى ئۆچ كۆرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى سايلىۋالىدۇ.»

بۇرۇنلاردا غەيۋەتخورلۇق ئاياللارنىڭ سۈپىتى دەپ

قارىلاتتى. بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق دېگەنىكەن:

ئىككى ئايال بار يەردە چۆچۈرىدەك گەپ،
بەش ئايال جەم بولسا بىر ئالار غەيۋەت.
يەتتە ئايال شۇنچىلىك ھەيۋەتكى، ھەيۋەت،
دۇنيامۇ تەڭلىكتە قىلالماس غەيرەت.

ئەمدىلىكتە ئەتراپقا شۇنداق نەزەر سالىدىغان بولساق ھېس قىلالايمىزكى، ئەسلى ئۇممەت، ۋەتەن، مىللەت غېمىدە بۇنداق چۈپرەندە ئىشلارغا ۋاقىت چىقىرالماسلىقتا تېگىشلىك بولغان ئەرلەر بۇ جەھەتتە ئاياللارنى بېسىپ چۈشۈۋاتىدۇ. خۇددى ئەرلەرنىڭ ئېغىزى غەيۋەت ئورگىنالى، ئاياللارنىڭ ئېغىزى كۆپەيتىش ماشىنىسىدەكلا!

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئائىلىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆي تازىلاش، تاماق ئېتىشتىن ئىبارەت كۈندە قايتىلىنىپ تۇرىدىغان بىر قاتار ئىشلاردىن باشقا ۋەزىپىسى بولمايدۇ. ئۆگىنىش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، پەرزەنتلىرىگە مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىش دېگەنلەر ئۇلار ئۈچۈن ناتونۇش ئۇقۇملار. ئۇلار كۈندىلىك ۋەزىپىلىرىنى تۈگىتىپلا مەھەللە دوقمۇشلىرىدا ئولتۇرۇپ تاغدىن-باغدىن غەيۋەتكە چۈشۈپ كېتىدۇ. كىم جىقراق سۆزلىسە شۇ ئەقىللىق ھېسابلىنامدۇ قانداق، ئاڭلىغانلىكى يالغان - ياۋداقلىرىنى؛

ئەرلىرى سىرتتىن كۆتۈرۈپ كىرگەن گەپلەرنىڭ چېكىت، پەشلىرىنى قالدۇرماي، تېخى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ ھېسسىيات بىلەن سۆزلەشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئايالللار يازنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرىدىكى ئېتىز ـ ئورەك ئىشلىرىدىن بىكار بولغان زېرىكىشلىك ۋاقىتلىرىنى غەيۋەت ـ شىكايەت، قۇرۇق گەپ سېتىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. قىش ۋاقىتلىرى بولسا غەيۋەتنىڭ ئەڭ مول ـ ھوسۇللۇق پەيتىدۇر. بىر قانچە ئايال بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ، ئىسسىق مەشنىڭ ئالدىغا كېلىۋېلىپ كۈنلىرىنى دېگۈدەك غەيۋەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش، قۇرئان ساۋادىنى چىقىرىش ياكى تەجۋىدىنى رۇسلاش ھەتتا ئانا تىل ساۋادىنى چىقىرىش دېگەنلەرمۇ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ.

ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئاق ياقىلىقلارنىڭ ياكى سودىگەر، تىجارەتچىلەرنىڭ بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئويلانغۇدەك چولى يوق. كۈنلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن ياكى سودا ـ تىجارەت، ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن ئالدىراش. ئاخشاملىرى بولسا شۆھرەتپەرەسلىك، سۆلەتۋازلىقتا غىق تويۇنغان مەنىۋى قىممەتتىن خالىي سورۇنلار؛ پەقەت يەپ ـ ئىچىشلا مەقسەت قىلىنغان، ھېچقانداق يۈكسەك مۇددىئا، ئالىي غەرەز ـ نىشانلارسىز داۋام قىلىۋاتقان سورۇن ـ باراۋەتلەر ۋە قاتار چايلارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يېرىم كېچىدە ئاران ئۆيىنى

تىپىپ كېلىۋاتقان. يەنە ئەتىسى ئەتىگەندە ھەممىسى ئالدىراش ئۆز ئىشىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداۋاتقان... مانا بۇ شەھەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى... مانا بۇ «مەدەنىيەتلىك» جەمئىيەتنىڭ كارتىنىسى... !

ئەھۋال مانا شۇنداق! بۇ ھالەتكە نېمە دەيمىز. ئاياللار يېرىم دۇنيا ئىدىغۇ، ئاياللار كەلگۈسىنى، ئۈمىدنى، قۇدرەتنى ئاپرىدە قىلغۇچىلار ئىدىغۇ! بۇلار بىزنىڭ ئۇلۇغ ئانىلىرىمىز ئىدىغۇ!

راستىنى ئېيتقاندا ئىمان ۋە ئۇنىڭدىن سىرغىپ چىققان ۋىجدان تولغىقى ئاللاھ قەلبىنى ئاچقان، قەلبىنى نۇرلاندۇرغان كىشىلەرنى قاتتىق ئازابلىماقتا... بۇلار پۈتۈن ھاياتقا، ھايات ئەندىزىلىرىگە، ھايات رېتىملىرىغا قاراپ «ياق، ياق، ئەسلى ھايات بۇ ئەمەس!» دەپ باش چايقىماقتا...

ئۇلار پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ «ئى ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار» دېگەن ئايىتىدىن تەسەللى ئېلىپ ھاياتنى داۋام قىلماقتا!

ھەرقانداق ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشمۇ ئۇششاق كېسەكلەردىن ياكى كىچىك پارچىلاردىن تەركىپ تاپىدۇ. قۇرۇلۇشنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە سۈپىتىگە شۇ كېسەك ۋە كىچىك پارچىلار ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت گويا شۇ قۇرۇلۇشقا ئوخشاش نۇرغۇن ئۇششاق بىرلىكلەردىن، يەنى «سىز»، «مەن»، «ئۇ»لاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ھەر بىرىمىز

جەمئىيەتنى ئاۋۋال «مەن»دىن باشلاپ، «بىز»گە، ئانــدىن «سىز» ۋە «ســىلەر»گە كېڭەيــتىش ئــارقىلىق «ئــۇ» ۋە «ئۇلار»نىمۇ سەپەرۋەر قىلىپ، ئۆزئارا ئورتاق كۈچ چىقىرىپ ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھە دېســە ئىشنىڭ بىسمىللاسىدىلا «سەن» ۋە «ئۇلار»دىن چۈشــمەي، ئاۋۋال ئۆزىمىزدىن باشلايلى. قېنى ئەڭ ئاۋۋال روھىمىزنــى پاكلاش ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلايلــى! روھىمىزنــى پاكلاشــنىڭ تــۇنجى قەدىمــى ئىچىمىزدىكــى ھەســەت، غەيــۋەت، ئۆچمەنلىكلەردىن ئىبارەت بىر قاتار چىرىندىلەرنى سـۈپۈرۈپ تاشلاشــتىن باشلانســۇن! ھەر بىــر مــۇئمىن ـ مۇســۇلمان قېرىندىشىمىزنى بار ۋۇجۇدىمىز بىــلەن چىــڭ قۇچــاقلايلى، پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچــۈنلا ياخشــى كــۆرەيلى...! بــۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ۋەســىلىمىز بولــۇپ قالســۇن! بــۇ ئــۆز نەپسىمىز بىلەن قىلىنغان جىھــادىمىز بولــۇپ قالســۇن! بــۇ ھەقىقى جىھاد مەيدانىدىن بۇرۇنقى قىلغان رەپىتىسىمىز بولۇپ قالسۇن! قېنى كىم قىلالايدىكىن!

مۇقەررەركى، نەزىرىمىزدە كىچىك قارالغان، ئەمما ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى چوڭ دەپ قارىغان ئىشلارنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا، شەرتســىز، ســەۋەب ـ باھانىســىز ئىجــرا قىلالىمىغــانلار ھەرگىزمــۇ چــوڭ ئىشــلارنى ۋۇجۇدقــا چىقىرالمايدۇ...!

روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ.[1]
قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن![2]

[1] قۇرئان كەرىمدىن
[2] قۇرئان كەرىمدىن

## غەيۋەت شەكىللەندۈرىدىغان ياكى ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغان ئورۇنسىز گەپ ـ سۆزلەر

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەسلى غەيۋەتكە ياتمايدىغان، ئەمما ۋەزىيەت، شارائىت تۈپەيلى غەيۋەت، ھەتتا چىقىمچىلىق، سۇخەنچىلىك شەكىللەندۈرۈپ قويىدىغان پاراڭلارمۇ ئىنتايىن كۆپ. كۆپىنچە ھاللاردا مۇشۇ پاراڭلار تۈپەيلىدىن ئويلىمىغان ئاۋارىچىلىقلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

جەمئىيەتتىن ئۆرنەك (2)

ــ ئىككى ئادەم ئۇچرىشىپ مۇنداق پاراڭلىشىدۇ:

ــ بىزنىڭ بالا ناھايىتى ياخشى ئوقۇپ، قارى بولدى، كىچىلىرى ئۇخلىماي كىتاب كۆرىدۇ ــ دېسىلە، داموللاملارغا، قاراخونۇملارغا زىيادە ھۆرمىتىم بار ئىدى، ئاللاھ شۇنىڭ شاراپىتىدىن بولسىمۇ ئەۋلادىمىدىن قارى قۇرئان چىقىرىپ بەردى...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يەنە بىر ئادەم ناھايىتى تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىدۇ. ھەتتا دەرھاللا ئۆيىدە ياكى بىرەر تاماقخانىلارغا چايغا تەكلىپ قىلىپ ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ... ئۆز مەھەللىسىدىن قارى قۇرئان ياكى موللا ـ ئۆلىمانىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىدىن سۆيۈنۈپ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى

ئـــادەمگە خۇشـــخەۋەر ســـۈيـتىدە يەتكۈزۈشـــكە باشـــلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ، ئاللاھ يولىدا خۇشال بولۇش، ئاللاھ يولىدا سۆيۈنۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئاللاھنىڭ ئەجـــرىگە مۇناســـىپ خۇشـــاللىق ئـــىدى. ئەممـــا بـــۇ خۇشـــخەۋەرلەر، سۆيۈنۈشلەر ئۇزاق ئۆتمەيلا «ئالدىغا ماڭساڭ كېســـەرمەن، كەينىڭگە ماڭساڭ ئاسارمەن» دەپلا تۇرىدىغان؛ ساددا، قەلبى سۈتتىن ئاق، پاختىدىن يۇمشـــاق بـــۇ خەلقـــقە شـــۇملۇقتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ئىپلاسلارنىڭ قولىقىغا كىرىپ قالىدۇ- دە، ئۇنىڭ كىچە ئۇخلىماي قىلغـــان قۇرئـــان تىلاۋەتلـــىرى، كۆرگەن كىتابلىرىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ «كىچە ئۇخلىماي نېمە قىلدىڭ، نېمىلەرنى پىلانلىدىڭ» دېگەندەك توخۇ تۈكى پىياز پوستى سوئاللارغا سەۋەب بولىدۇ. ھېلىقى قارى غوجـــام ياكى دامـــوللام ئۆزىمـــۇ بىلمەيـــدىغان بىـــر نـــاملار بىـــلەن قارىلىنىـــدۇ، ھەتتـــا تېخـــى ئـــۆزى كـــۆڭلىگە پۈكۈپمـــۇ ئۈلگۈرمىگەن ئاللىقانداقتۇر كاتتا پـــلان، كاتتـــا ئاتاقلارغـــا ساھىب بولۇپ قالـــىدۇ. بولۇشـــىغا دۇمبالانغانـــدىن كېـــيىن ھېچقانداق «خاتالىق» ســـادىر قىلمىغـــانلىقى ۋە ئۆمرىنىـــڭ ئاخىرىغىچە «خاتالىق» سادىر قىلىش ئېھتىماللىقىمۇ يوقلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن كۆتۈرۈپ قويقۇسىز جەرىمـــانىلەر بىـــلەن ئائىلىســـىدىكىلەرگە كـــىپىللىككە بېرىلىـــدۇ. ئۇنـــىڭ ئائىلىســـىدىكىلەرگە تاپشـــۇرۇپ بېرىلگەنلىكـــى ئىشـــنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېـــرەك بەرمەيـــدۇ. ئـــۇ پەقەت كىچـــك

تۇرمىدىن چوڭ تۇرمىگە، ئۇستى يېپىق تۇرمىدىن ئۈستى ئوچۇق تۇرمىگە، كويىزا ـ ئىشكەللەر تۇرمىسىدىن خەۋپ، نازارەتلەر تۇرمىسىگە يۆتكەلگەنلىكىدىن دېرەكتۇر. ئۇ بىر ئۆمۈر نازارەت ئاستىدا، قاتمۇ ـ قات چەكلىمىلەر ئاستىدا ياشايدۇ. مانا بۇ، ئويلانماي قىلىنغان ئىككى ئېغىز خۇشخەۋەرنىڭ كەلتۈرگەن دەھشىتىدۇر.

جەمئىيەتنىڭ ئۆرنەك (3)

ـ ئىككى ئايال ئۇچرىشىپ مۇنداق پاراڭلىشىدۇ:

ـ ۋاي خوشنام، مەن شۇنچىلىك خۇشالكى، يۈرىكىم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ! بۇنى ئاڭلىغان خوشنىسى ھەم قىزىققان، ھەم قىزغىنغان ھالدا سورايدۇ:

ــــ نېمىگە شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتتىلە، خوشنام! غايىبتىن ئالتۇن تېپىۋالمىغاندىلا؟

ــــ ۋاي نېمىسىنى دەيلا، ئالتۇنغا تەڭداشسىز ئىش دېسىلە، ئوغۇل نەۋرە يۈزى كۆرىدىغان بولدۇم. قىزىمنىڭ ئىككىلا بالىسى قىزتى ئەمەسمۇ! ھە، شۇ قىزىم قورساق كۆتۈردى، دوختۇرغا كۆرسىتىپتىكەن ھامىلە ئوغۇلكەن، دەپتۇ. سەككىز ئايلىق بولدى، خۇدايىم بۇيرۇسا! ...

مانا شۇنداق قىلىپ بۇ كاتتا خۇشخەۋەرنى ئاڭلىغان خوشنا ئايال يىقىن ـ يورۇقلىرىغا ۋە دوقمۇش پاراڭچىلىرىغا «يۇسۇققىدە» يەتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇ خوشنىنىڭ خەۋەرنى باشقىلارغا يەتكۈزۈپ قويىشىدىمۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يامان

غەرەز، يامان مۇددىئا، چىقىمچىلىق دېگەنلەر نىشان قىلىنمىغان بولىدۇ. ئەمما بۇ خەۋەر ئۇچۇپ-ئۇچۇپ ئاخىرى «پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى»دىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يەردىكى چاپارمەنلەر دەرھاللا «يۈرىكى ئىچىگە پاتمىغان» ھېلىقى ئائىلىنىڭ يۈرىكىنى جىمتىپ قويۇش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ. كونا پالازغا يانپاشلىنىپ كەلگۈسىدىكى ئوغۇل نەۋرىسىنى خىيالەن ئەركىلىتىۋاتقان، تاتلىق قىلىقلىرىدىن مەست بولغان بۇ ئائىل ئىشىكنى شۇنداق ئېچىپلا قان پۇراقلىق بىر توپ كىشىلەرنى كۆرىدۇ. ئۇلار يالۋۇرۇپ - يېلىنىشلارغا، نالە-پەريادلارغا پەرۋا مۇ قىلماستىن چارۋا دوختۇرلىرىدىنمۇ بەتتەر، دوزاخ مۇئەككەللىرىدىنمۇ دەھشەتلىك بىراۋلارنىڭ ئالدىغا سۆرەپ بارىدۇ. ئۇلار خۇددى تاۋۇز ياكى قوغۇن تىلغاندەك ھېچ پەرۋاسىزلا قورساقنى پىچىپ، يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشقا نەچچە كۈنلۈكى قالغان ھامىلىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ تېخى ھەپتىنىڭ ئالدىدا «يۈرىكى ئىچىگە پاتمىغان» بۇ ئائىلىدىكىلەر ئېغىر قايغۇ-مۇسىبەتكە دۇچار بولىدۇ. ھېلىقى دەھشەتلىك مەنزىرىلەر كۆز ئالدىدىن كەتمىگەن ئانا بىر ئۆمۈر خامۇشلۇق كېسىلىگە، يۈرەك ئاغرىقىغا گىرىپتار بولىدۇ. خۇشاللىق، كۈلكە دېگەنلەر ئۇلار ئۈچۈن ناتونۇش بىر ئۇقۇملارغا ئايلىنىدۇ.

يۇقىرىدا مىسال سۈپىتىدە بايان قىلىنغان بۇ ئۆرنەكلەر

گەرچە شەكلى جەھەتتىن ھازىرغىچە تەنقىد قىلىنىپ كېلىۋاتقان غەيۋەتكە ئوخشىمىغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەڭ ئېغىر خەۋپ شەكىللەندۈرۈۋاتقىنى دەل مۇشۇ تۆردىكى ئورۇنسىز سۆزلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاڭلىغانلىكى گەپلەرنىڭ ھەممىنى سۆزلەپ يۈرۈش يېتەرلىك يالغانچىلىقتۇر» دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئېغىز سۆزلىرىمىزدىن ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزدىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىدىغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. بىر سۆزنى دېيىشتىن بۇرۇن «مېنىڭ مۇشۇ سۆزۈم كىمنى خۇرسەن قىلىدۇ، كىمنى خاپا قىلىدۇ. بۇ سۆزنى دېيىشنىڭ پايدىسى قانچىلىك، زىيىنى قانچىلىك» دېگەننى ئويلاپ بېقىشىمىز كېرەك!

سۆز ئېغىزدىن چىقمىغاندا بىز باشقۇرغىنىمىز بىلەن ئېغىزدىن چىققاندىن كېيىنلا بىز ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ قالىدىغان گەپ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بىرىڭلارنىڭ دوزاخقا كىرىشىگە تىلىدىنمۇ بەكرەك سەۋەب بولىدىغان نەرسە يوق» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئەرەبلەردىمۇ «ھەر گەپنىڭ ئۆزىگە خاس ئورنى بار» دەيدىغان بىر ھېكمەت بار. ئەمەلىيەتتە ئەتراپىمىزغا نەزەر سېلىپ باقىدىغان بولساقمۇ ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى كۆرىدىغان دەرت ـ ئەلەملىرى ياكى ئىززەت ـ شەرەپلىرى ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئورۇنسىز گەپ ـ سۆز، ئورۇنسىز

چاقچاق كىشىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈپ، چاكىنا، ئەرزىمەس، بىئېتىبار ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

بىز يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدا ھەسەت، غەيۋەت، سۇخەنچىلىك، چىقىمچىلىق، مەدداھلىق ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي سەلبىي تەسىرلىرىنى بىر گەۋدە قىلغان ئاساستا قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ ئۆتتۇق. ئەمەلىيەتتە بىر ئادەمدە بۇ يامان سۈپەتلەرنىڭ بىرىلا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇ ئادەمنى ھالاك قىلىشقا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خار قىلىشقا تامامەن يېتىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ سۈپەتلەر بىر ـ بىرى بىلەن قوشكېزەك، بىر ـ بىرىگە ھامىلداردۇر. ئۇلارنىڭ بىرسى مەۋجۇد بولغان يەردە باشقىلىرىمۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا بىخلىنىشقا باشلايدۇ.

يۇقىرىقىدەك سۈپەتلەرگە ئىگە ئادەملەر ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىگە بىپەرۋالىق قىلغان، ئاللاھنىڭ چېگرالىرىغا يېقىنلىشىپ قالغان ئادەملەردۇر. شەكسىزكى، چېگراغا يېقىنلاشقانلارنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي چېگرا ئاتلاپ كېتىش ئېھتىمالى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ چېگرالىرىدىن ئاتلاپ كەتكەنلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىق، خورلۇق ۋە ئازابلارغا مۇپتىلا بولۇشى مۇقەررەردۇر.

كونىلاردا «ئېشىك ھالال بولسا تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئىچ» دېگەن بىر تەمسىل بار. شۇنىڭ ئۈچۈن خەقنىڭ بىزنى چەتكە قاققانلىقى ياكى يولسىز تەنقىد قىلغانلىقى، ئۆزلىرىنى

مۇھىم قىلىپ كۆرسىتىشكە ئورۇنۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز ياكى تۆگەشكەنلىكىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بۇنداق ئىشلار كۆپىنچە بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغانلىقىمىز ھەمدە كىشىلەرنىڭ بىزگە قاتتىق دىققەت قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداق بىر خىل ئادەملەر باركى ئۇلار ئۆزىگە قارىغاندا ياخشىراق تەربىيە كۆرگەن ياكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئامراق، ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى مۇھىم قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ.

ئەگەر بىز يامان نىيەتتىكى تەنقىد ياكى ھۇجۇمغا ئۇچراپ قالساق، ئېسىمىزدە بولسۇنكى، يامان نىيەتتىكى تەنقىد ئادەتتە شەكلى ئۆزگەرگەن ماختاشتۇر. ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ئۆلۈك ئىتنى ھېچكىم تېپىپ يۈرمەيدۇ» دەيدىغان بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار. ئەلۋەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرغانلار كۆپىنچە ھالدا غەيۋەت ـ شىكايەتتىن ۋە تەنقىدتىن خالى بولالمايدۇ. چۈنكى ھېچكىم كارغا كەلمەس كىشى ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ سۆز ـ چۆچەك ياكى مۇلاھىزە قىلىپ يۈرمەيدۇ.

ئۆزىنىلا ئويلايدىغانلار پەقەت ئۆزى توغۇرلۇقلا سۆزلەيدۇ. ئۆزىنىلا ئويلايدىغان كىشىلەر ئۆزگەرتكىلى

بولمايدىغان، تەربىيە يۇقماس كىشىلەردۇر. ئۇلار ھەرقانچە تەربىيەلەنگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار تەربىيە ئالغان تەربىيىسىزلەر، بىلىملىك ساپاسىزلاردۇر. غەيۋەتخورلۇق، ئۆزى توغرۇلۇق گەپ سېتىش كىشىنى بىزار قىلىدۇ. جاھىل، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان كىشىلەرگە ھېچ كىشى يېقىنلاشمايدۇ. باشقىلارنىڭ كەينىدىن سۆز-چۆچەك تارقىتىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنى كەسىپ قىلىۋالغان ۋە دائىم ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، ئىش تېرىپ يۈرىدىغانلاردىمۇ ئالغا ئىنتىلىش ئارزۇسى بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋاللارغا يولۇققاندا، ھودۇقۇپ كەتمەستىن، چۈشكۈنلىشىپ كەتمەستىن ئىشەنچ بىلەن دادىل ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىۋېرىشىمىز لازىم.

ئاللاھ ھەممىمىزنى بىلىپ-بىلمەي تىللىرىمىزنىڭ ۋابالىغا قېلىشتىن ساقلىسۇن. قېرىنداشلار ئارا، مۇئمىن-مۇسۇلمانلار ئارا ئىختىلاپ، نىزا پەيدا قىلىدىغان پىتنىخور، ئوت قۇيرۇقلاردىن قىلىپ قويمىسۇن... (ئامىن)

## غەيۋەتخور

ئىناقلىق ۋە ئۆملۈكنىڭ، كۈشەندىسى غەيۋەتخور،
بەندە ئىچرە ئەسكىسى، پەسەندىسى غەيۋەتخور.
تىكەن تېرىپ تىلىدىن، شور ئۆرلىتىپ ئىزىدىن،
بۇلغايدىغان مۇھىتنى، قىغ ـ گەندىسى غەيۋەتخور.
پىتنە چاچار يول ـ يولدا، تونەپ رەستە ـ دوقمۇشتا،
ياخشىلارغا شۇملۇقنىڭ، جۇت ـ شەپىسى غەيۋەتخور.
ئۈستۈن ـ تۆۋەن دوكۇلداپ، كىمنى كۆرسە كۇسۇلداپ،
تىنىم تاپماي گەپ ئىزدەر، كەچ ـ ئەتىسى غەيۋەتخور.
ئۇكۇت قىلىپ ئىغۋانى، توگمىنىدە ھەسەتنىڭ،
ئارتىپ ھەر يان توز چاچقان، توگمەنچىسى غەيۋەتخور.
تىللاش، غاجاش، قاغاشتۇر ھامان كەچمىش قىسمىتى،
ھازازۇلنىڭ ـ پېشكەلنىڭ چۆپقەتچىسى غەيۋەتخور.
«رەسۋا» دەيدۇ خەقلەرنى، سلاپ باقماي گەدەننى،
ئۆزى تۇرۇپ بۇ يۇرتنىڭ، شەرمەندىسى غەيۋەتخور.
كىم كۈلمەيدۇ زاغ تىللاپ «ئەسكى» دېسە بۇلبۇلنى،
نۇمۇسسىزلىق ـ پەسلىكنىڭ يەرمەنكىسى غەيۋەتخور.
ئۆتمەس مىنۇت ـ سائىتى، جاڭجال، پىتنە ئادىتى،
جەمئىيەتنىڭ كىر ـ پاسىق، راك ـ رەزگىسى غەيۋەتخور.
كۆز ئالدىڭدا «ھى ھى»لاپ، تىغ تەڭلەيدۇ كەينىڭدىن،
كۆپكە قادىر چېقىمچى ـ سۇخەنچىسى غەيۋەتخور.

ئىناقسىزلىق ئەۋج ئالسا، كۆڭلى يايرار ئەجەپمۇ،
ئەمنىلىكنىڭ كۆيدۈرگە ـ سەرەڭگىسى غەيۋەتخور.
يۇرتتا چىققان ئۆسەك سۆز ـ تۆھمەتلەرنىڭ قازنىقى،
يالغانچىلار سەردارى ـ سەركەردىسى غەيۋەتخور.
پەردازلايدۇ ئەپتىنى، غەيۋەتخورلۇق كەسپىنى،
ئازارلىقنىڭ مەنبەسى ـ سەۋەبچىسى غەيۋەتخور.
نېمە تاپتىڭ غەيۋەتتىن، مىڭ ئۆۋەردۇق كارۋانلار،
غاجايدىغان ئىت كەبى، سۆڭەكچىسى غەيۋەتخور.[1]

[1] ئاپتورى نامەلۇم